شۇي چڭشەن

# تاغ ھەققىدە ھېكايە



www.uyghurkitap.com

باللار ئۇچۇن ساۋات

# تاغ ھەققدە ھېكايە

شۋي چڭشەن

مللەتلەر نەشرياتى
بېيجن - 1958

# كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاۋىمىزدا تاغلار قانداق پەيدا بولغانلىغى، يانار تاغلارنىڭ قانداق ئېتىلىپ چىقىدىغانلىغى، تاغلار قانداق يېمىرىلىدىغانلىغى سوزلۇنۇدۇ؛ كىتاۋىمىزدا يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ ئاساسىي تاغلىرى ۋە ئۇلاردىكى مول كان بايلىقلىرى، مەھسۇلاتلار، ئورمانلار ۋە باشقىلار سوزلۇنۇدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانلار تاغلارنى قانداق بويسۇندۇرۇپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇدىغانلىغى بايان قىلىنىدۇ.

# مۇندەرىجە


1. يەر شارىدىكى تاغلار ........................ 1
2. تاغ قانداق پەيدا بولغان ........................ 3
هېكايىنىڭ باشلىنىشى ........................ 3
دېڭىز تېگىدىكى خادا تاشلار ........................ 7
دېڭىز تېگىدىن ئېگىز تاغلار غىچە ........................ 12
تاغ قاتلاملىرى قانداق قىلىپ ئەگرى - بۈگرى بولۇپ
قالغان ........................ 16
ئاجايىپ ئۆزگىرىش ........................ 20
3. يانار تاغلار توغرىسىدا ھېكايە ........................ 20
ھەركەتتىكى ۋە ئۆچكەن يانار تاغلار ........................ 21
يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشى ........................ 23
يانار تاغلار بىلەن مىنېرال ماددىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ........................ 27
يانار تاغلار قانداق ئېتىلىدۇ؟ ........................ 29
يېقىن كەلگۈسىدە ........................ 31
4. ئەمدى بىز تاغلار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى ........................ 33
تاغلارنىڭ خىللىرى ........................ 33
تاغلارنىڭ تۈزۈلۈشى ........................ 36
خەرىتىدىكى تاغلار ........................ 42
5. ئېگىز تاغلارنىڭ ھاۋارايى ........................ 44


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېگىز تاغنىڭ ھاۋاسى نېمە ئۈچۈن سوغۇق بولىدۇ؟ .... 44
رېلىش يامغۇرى .................. 46
ئېگىز تاغلاردىكى مۇز دەريالار .................. 49
6. تاغلار قانداق يېمىرىلىدۇ؟ .................... 54
ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقمۇ تاغلارنى بۇزىدۇ ......... 55
ھاۋامۇ تاغلارنى بۇزىدۇ .................. 58
سۇ تاغلارنى ئېرىتمۇ يامانراق بۇزىدۇ .................. 59
شامالنىڭ ئىشى .................. 63
ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ تاغلارنى بۇزۇشى .... 65
تاغلار ئەنە شۇنداق يېمىرىلىدۇ. .................. 68
مەڭگۈ توختىمايدىغان ئۆزگىرىش .................. 71
7. ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرى .................... 73
ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرى كۆپ، بايلىقى تولا .................. 80
تاغلىق يەرلەردىكى ماددىي مەھسۇلاتلار .................. 89
ئورمان ـــ ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى .................. 91
تاغلارنى بويسۇندۇرۇش .................. 94

www.uyghurkitap.com



# 1. يەر شارىدىكى تاغلار

جۇغراپىيە ئوقۇغان كىچىك دوستلارغا مەلۇم، بىز ياشاپ تۇرغان يەرشارىنىڭ ئوندىن يەتتى قىسمىنى دېڭىز-ئوكيانلار، قالغان ئوندىن ئۈچ قىسمىنى بولسا، قۇرۇغلۇق تەشكىل قىلىدۇ.

قۇرۇغلۇقتىكى تەكشى يەرلەر تۈزلەڭلىك، ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يەرلەر تاغ دەپ ئاتىلىدۇ.

تاغلار يالغۇز قۇرۇغلۇقتىلا جايلاشقان ئەمەس، كۆپ-كۆك دېڭىز-ئوكيانلاردىمۇ، سۈپ-سۈزۈك چايقىلىپ تۇرغان كۆل-لەردىمۇ تاغلارنى ئۇچرۇتۇش مۇمكىن. ئەنە شۇ سۇ ئىچىدە

قەد كوتۇرۇپ تۇرغان تاغلار ئارال دەپ ئاتىلىدۇ.

پايانسىز، ئورکەشلەپ تۇرغان تېچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيانىنىڭ تېگىدىكى بەزى جايلارمۇ تەپ ـ تەكشى ئەمەس. ئەگەر، بىزگە دېڭىز سۇلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشقا مۇمكىن بولسىدى، دېڭىز تېگىدىكى نۇرغۇن ئېگىز ـ پەس تاغلارنى كورۇشكە توغرى كېلەتتى.

يەرشارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېڭىزدەك تاغ بار.

يەر شارىدىكى تاغلارنىڭ گايىبىرلىرى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئاسمان ـ پەلەككە تۇتاشقاندەك كورۇنۇدۇ، ئۇلارنىڭ چوققىسىنى زادىلا كورگىلى بولمايدۇ؛ بۇنداق تاغلارنىڭ ئۇستى ھەر قاچان قار بىلەن قاپلانغان بولۇدۇ؛ گايىبىر تاغلار ناھايىتى پەس، ئوستى ھورناندەك ياپىلاق بولۇدۇ، بۇنداق تاغلارنىڭ چوققىسىغا بىر ژۇگورۇپلا چىقىپ كەتكىلى بولۇدۇ.

يەرشارىدىكى تاغلارنىڭ كورۇنۇشىمۇ خىلمۇـخىل، ئاجايىپـ غارايىپ بولۇدۇ: بەزىلىرى خۇددى مۇنارغا ئوخشاش تۈزلەڭلىكتە چوخچۇيۇپ تۇرۇدۇ؛ گايىبىرلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان تىزما تاغلار بولۇپ، ژىراقتىن قارىغاندا، خۇددى دېڭىزدىكى دولقۇنغا ئوخشاپ كېتىدۇ، گايىبىرلىرى ئۇزۇن ۋە پەس بولۇپ، خۇددى ئۇخلاۋاتقان قامەتلىك ئادەمگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، قايچىغا ئوخشاش، قەلەم جازىسىغا ئوخشاش، شىرغا

ئوخشاش......خىلمۇ ـ خىل ، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىللىكى تاغلارمۇ بار . تاغلارنىڭ شەكىللىرىنى بىيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ .

خوش ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، يەرشارىدىكى مۇنداق تاغ تىزمىلىرى نەدىن كەلدى ؟ نىمشكە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېگىز، بەزىلىرى پەس بولىدۇ؟

كىچىك دوستلار ! مەن بۇ كىتاپتا ، سىلەرگە ئەنە شۇ تاغلار توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بېرىمەن.

## 2. تاغ قانداق پەيدا بولغان

### ھېكايىنىڭ باشلىنىشى

يەرشارىدىكى تاغلار نەدىن كەلگەن؟

ئالىملار : تاغلار دېڭىز ـ ئوكيانلار ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان، دەپ جاۋاپ بېرىشىدۇ.

كىچىك دوستلار ! سىلەر، بۇنىڭغا ئىشىنەمسىلەر؟

سىلەر ئىشەنسەڭلەدۇ، ئىشەنمىسەڭلەدۇ، ئەمەلىي فاكىت ھەقىقەتەن شۇنداق. لېكىن، ھېكايىمىزنى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلاردىن باشلاشقا توغرى كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇندىن نەچچە يۈز مىلىيون ژىللار ئىلگىرى، يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى (پوستى) بۇگۈنكىدەك ئېگىز-پەس ئەمەس ىدى، قۇرۇغلۇقمۇ، دېڭىز-ئوكيانلارمۇ يوق ئىدى، يەر پەقەت بىر پارچە قىزىق ماگمىدىنلا① ئىبارەت ىدى، ئۇنىڭ يۈزى چوغدەك قىزىق بولۇپ، ئۇ ئالەمدە ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇراتتى.

مىللىارد ژىللار ئوتكەندىن كېيىن يەرشارىنىڭ ئۈستىدىكى ماگمىلار ئاستا-ئاستا سوۋۇپ، يېپىنىك تاغ جىنىسلىرىدىن ئىبارەت بولغان دەسلەپكى يەر پوستى ھاسىل بولدى.

يەرنىڭ دەسلەپكى پوستى يەر شارىنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان، لېكىن ئۇ ئانچە قېلىن بولمىغاشقا، يەر پوستىنىڭ تېگىدىكى ئېقىپ ژۈرگەن قىزىق ماگمىلار يەر پوستىنىڭ بۇ يېرىدىن ياكى ئۇ يېرىدىن تاشقىرىغا قاڭقىپ چىقىپ، شۇنىڭ بىلەن قىزىپ تۇرغان نۇرغۇن گاز ۋە لاۋىلار يەر ئۈستىگە چىققان.

بۇنداق شىلىمغا ئوخشاش ماگمىلارنىڭ ھارارىتى ناھايىتى ژۇقۇرى بولۇپ، دەرھاللا سوۋۇپ كەتمىگەن، بەلكى مەلۇم زامانلارغىچە يەر ئۈستىدە لەيلەپ ژۈرگەن.

---

① ماگما — يەر شارىنىڭ قاتتىق پوستى تېگىدە قىزىپ تۇرغان گاز ۋە ھور بىلەن تويۇنغان ئېرىگەن ماددا. بۇ ماددا يەر ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن لاۋا دەپ ئېيتىلىدۇ.

يەرشارى دائىم ئايلىنىپ تۇرغانلىقتىن يەر ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ماگمىلار تەدرىجى ھالدا بىرىكىپ قاتقان، نەتىجىدە ئەڭ دەسلەپكى قورۇغلۇقلار مەيدانغا كەلگەن.

لېكىن ئۇ زامانلاردا قورۇغلۇقتا ھېچقانداق ھايات بولمىغان. يەرشارى ئىنتايىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن دۇنيا بولۇپ تۇرىۋەرگەن.

بىزگە مەلۇم، يەر شارىنىڭ ئۈستىنى قېلىن بىر قەۋەت ھاۋا (ئاتموسفېرا) قاپلاپ تۇرۇدۇ، بۇ يەرشارى پەيدا بولغانىدىن تارتىپلا بار. ھەممىگىزلەر بىلىسىزلەر، ئىنسانلار ھەتتا يەرشارىدىكى بارلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىر مىنۇتمۇ ھاۋادىن ئايرىلالمايدۇ؛ ھاۋا بولمىغاندا ئىدى، يەر شارىدىكى پۈتۈن ھايات ئاللىقاچان يوقالغان بولاتتى.

ئەمما ئۇ ۋاختىتىكى ھاۋا قەۋىتى ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى، ئۇ چاغدا ھاۋا تەركىۋىدە قىزىپ تۇرغان ھور بىلەن گازلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ ھورلار بىلەن گازلار يەر يۈستىدىكى ماگمىلاردىن ئېتىلىپ چىققان ئىدى.

ھورنىڭ سوغۇق ھاۋاغا يولۇققاندا يامغۇرغا ئايلىنىدىغانلىقىنى تەبىئەت دەرسىدە ئوقۇپ ئۆتكەن بولۇشۇڭلار كېرەك. ئۇ ۋاختىتىكى قىزىپ تۇرغان ھاۋا قەۋىتىدىن مۆلدەك يامغۇر تامچىلىرىنىڭ چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يەرشارى ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇزۇن ژىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەدرىجى ھالدا سوۋۇشقا باشلىدى، يەر يۈستىمۇ ئاستا ـ ئاستا قېلىنلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، ھاۋا قەۋىتىمۇ پەيدىن ـ پەي سوۋۇپ، ئۇنىڭدىكى سۇ ھورلىرى يامغۇر بولۇپ يەر يۈزىگە چۈشتى.

يەرگە چۈشكەن يامغۇرلار ئويمان ـ چوڭقۇر جايلارغا ژىغىلىپ، دەسلەپكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنى ھاسىل قىلدى.

يەر يۈزىدە سۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇ، يەر يۈزىنى بۇزۇشقا باشلىدى.

يالغۇز سۇلا ئەمەس، ھارارەت، ھاۋا ۋە شامالمۇ ئۆز نوۋىتىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس بۇزۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇلار يەر ئۈستىدىكى تاغۇ ـ تاشلارنى بۇزدى، بۇ، قاتتىق تاشلار ئاستا ـ ئاستا شېغىل ۋە قۇم ـ توپىغا ئايلاندى.

دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاقلاردىكى خادا تاشلارنىمۇ ئۈگۈ‐تۈپ بىللە ئېلىپ كەتتى. قۇرۇغلۇقتا يامغۇردىن ھاسىل بولغان قىيانلار ۋە دەريالارمۇ ئېگىز يەرلەردە پارچىلانغان شېغىل ۋە قۇم ـ توپىلارنى دېڭىزگە ئېقىتىپ كەتتى. ئەنە شۇ قۇم ـ توپىلار قىرغاققا يېقىن يەرلەرگە ئېقىپ كېلىپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە تىنىۋەدى، شۇنداق قىلىپ كوپ ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا قاتتىق تاش قاتلاملىرى ھاسىل بولدى.

سۇ ، مىللىونلىغان ژىللاردىن بېرى ئەنە شۇنداق بۇزۇش ۋە قۇرۇش خىزمىتىنى ئوتەپ كەلمەكتە: بۇ بىر تەرەپتىن، قۇرۇغلۇقتىكى خادا تاشلارنى بۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېڭىز تووۋىدە خادا تاشلارنى ھاسىل قىلدى.

كىچىك دوستلار ، بىزنىڭ ئىپتىماقچى بولغان ھېكايىمىز ئەنە شۇ دېڭىز - ئوكيانلاردىن باشلىنىدۇ. چۈنكى يەر شارىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك دېڭىز ئاستىدىن كوتۇرۇلۇپ چىققانلىقى ئالىملار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر.

## دېڭىز تېگىدىكى خادا تاشلار

دېڭىز تېگىدىكى خادا تاشلارنىڭ يامغۇر سۇلىرى ۋە دەريالار قۇرۇغلۇقتىن ئېقتىپ كەلگەن شىغىل ۋە قۇم - لاتقىلارنىڭ تىندۇرمىسى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ ئوتتۇق.

لېكىن بۇ چۈشەنچە كىپايە قىلمايدۇ، بۇ ھەقتە يەنە ئازراق قوشۇمچە قىلىشقا توغرى كېلىدۇ.

گۈزەل كوپ - كوك دېڭىز - ئوكيانلاردا كېتىۋېتىپ تورت ئەتراپىمىزدىكى سۇپ - سۈزۈك سۇنى كورگىنىمىزدە : پاھ! بۇ، نىمىدېگەن سۈزۈك سۇ! دەپ ئويلايمىز.

دېڭىز سۈيى ھەقىقەتەن شۇنداق سۈزۈكمۇ؟

بىر تامچە دېڭىز سۈيىنى مىكروسكوپ ئاستىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا زەڭ قويۇپ قارىسىڭىز، ھەقىقەتەن ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرىسىز.

مىكروسكوپ ئاستىدىكى سۈزۈك دېڭىز سۈيى تامچىسى، بىز ئادەتتە كۆرۈۋاتقان دېڭىز سۈيىگە ئوخشىمايدۇ، سىز ئۇنىڭدا ھېساپسىز ئۇششاق مىكروئورگانىزملار[1]نىڭ ھايات كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، قىلنىڭ ئۈچتىن بىرىدەك ئەنچە ھەسسە كىچىك بولغان بۇ نەرسىلەرنى پەقەت مىكروسكوپ ياردىمى بىلەنلا كۆرۈش مۇمكىن.

بۇ مىكروئورگانىزملارنىڭ تاشقى پوستى ئاھاك ماددىلىرىدىن تەركىپ تاپقان، بۇنداق ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ پايانسىز دېڭىز - ئوكيانلاردا قانچىلىك نۇرغۇن ياشايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مۇشۇ جانىۋارلار ئۆلگەندە توزاڭغا ئوخشاش دېڭىز تېگىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، كۆنىلەرنىڭ ئوتتۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ جەسىدى چىرىشكە باشلايدۇ، ھېلىقى ئاھاك ماددىلىرىدىن تەركىپ تاپقان پوستىلىرى دېڭىز ئاستىغا ژىغىلىپ، ئۈستى - ئۈستىگە تىنىۋېرىدۇ، نەچچە يۈز مىللىون ژىللارنىڭ ئوتتۇشى

[1] مىكرو ئورگانىزم — مىكروسكوپ ئاستىدىلا كۆرۈنىدىغان ناھايىتى ئۇششاق جانىۋارلار — ت.

بىلەن بۇ پوستلاقلار ئاستا-ئاستا قاتتىق خادا تاشلارغا ئايلىنىدۇ.

سىلەر ئېھتىمال، بۇ مىكروئورگانىزملار ناھايىتى ئۇششاق تۇرسا، ئۇلارنىڭ پوستىدىن قانداق قىلىپ شۇنچە قېلىنلىقتىكى خادا تاش قاتلاملىرى ھاسىل بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدىغانسىلەر.

ئالىملار بۇ مەسىلىنى سىلەر ئۈچۈن ئاللىقاچان ھەل قىلىپ قويغان. ئۇلار مۇنداق قىزىق ھېساپ قىلىدۇ: ئەگەر چوڭقۇرلىقى 200 مېتىر بولغان بىر كۋادرات كىلومېتىر دېڭىز سۈيىدىكى مىكروئورگانىزملارنىڭ پوستىنى جىڭلايدىغان بولسا 6 مىڭ كىلوگرام كېلىدۇ.

ئويلۇنۇپ بېقىڭلار، نەچچە يۈز مىلليون يىللاردىن بۇيان پايانسىز دېڭىز-ئوكيانلاردا قانچىلىك مىكروئورگانىزملار ھايات كەچۈرگەندۇر!



مىكروسكوپ ئاستىدىكى بورتالقىنى.

كىچىك دوستلار! سانىنىڭ كۆپلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان ئەنە شۇنداق ئۇششاق جانىۋارلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى سانسىز يىللار داۋامىدا دېڭىز تېگىگە ئۈستى-ئۈستىگە تىنىۋەگەن. ئۇلار، تولىمۇ ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى



www.uyghurkitap.com

بىلەن قاتموُ ـ قات قېلىن خادا تاش قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلغان.

قارا تاختىغا خەت يازىدىغان بور ــ بورتالقىنىدىن ياسالغان. بورتالـقىنى بولسا، ئەنە شۇ مىكروئورگـانـىزمەلار پوستىنىڭ تىندۇرمىلىرىدىن ھاسىل بولغان خادا تاشدۇر.

ئەگەر ھازىـر شۇ خىل ئۇششاق نەرسىلەرنى كورمەكچى بولساق، ئۇنى كورۇش ناھايىتى ئاسان، بىر ئاز بورئۇۋۇغنى مىكروسكوپ ئاستىغا قويۇپ قارايدىغان بولساق، شۇ زامان ئۇـ نىڭ تەركىۋىدە بولغان نۇرغۇن ئۇششاق پوستلاقلارنى كورۇـ مىز. بۇلار سانسىز ژىللار ئىلگىرىكى مىـكروئورگانىزملارنىڭ قالدۇق پوستلاقلىرىدۇر.

ئەلۋەتتە، دېڭىزدە كوزگە كورۇنمەيدىغان مىكرو ئورگانىزمەـ لاردىن باشقا، يەنە خىلمۇ ـ خىل ھايۋانلار ۋە ئوسۇملۇكلەرمۇ ياشاپ كەلگەن. نەچچە يۇز مىللىون ژىللار جەريانىدا ئولگەن ھايۋانات ۋە ئوسۇملۇكلەرنىڭ قوۋزاقلىرى، سۇڭەكلىرى، غولـ لىرى، يوپۇرماقلىرىمۇ دېڭىز تېگىدە تىنىپ كەلگەن، بۇلارمۇ ئوخشاشلا قاتتىق خادا تاش قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلغان.

دېڭىز ـ ئوكيانلاردا خادا تاش قاتلامـلىرىنى ئۇزلۇكسىز ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتقان ھايۋانات ۋە ئوسۇملۇكلەردىن باشقا، خادا تاش قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىش يولىدا ئىشلەۋاتـقان، ئادەتتە بىز دىققەت قىلمايدىغان يەنە بىر نەرسە بار.

ئۇ بولسىمۇ مىنېرال ماددىلار.

يەر ئۈستىدىكى توپا ۋە تاش قاتلاملىرىدا تۈرلۈك مىنېرال ماددىلار يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، يامغۇردىن ھاسىل بولغان سۇلار يەر ئۈستىدىكى توپا ۋە تاش قاتلاملىرىنى يالاپ ئۆتۈش بىلەن توپا ھەم تاش قاتلاملىرىدا ئورۇن ئالغان بىر قىسىم مىنېرال ماددىلارنى ئاجرىتىپ تاشلايدۇ. قىيان بۇ ماددىلارنى دەريالارغا ئېقىتىپ كېلىدۇ، دەريالار دېڭىز-ئوكيانلارغا ئېقىتىپ كېلىدۇ.

مىنېرال ماددىلار دېڭىز-ئوكيانلارغا ئېقىپ كېلىپ دېڭىز تۇۋىگە تىنىشقا باشلايدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ ئاستا-ئاستا خادا تاشلارغا ئايلىنىدۇ.

دېڭىز سۈيىدە مىنېرال ماددىلار بارلىقىنى ئىسپاتلاش ناھايىتى ئوڭاي. دېڭىز سۈيىنى ئاغزىمىزغا ئېلىپ تېتىپ كۆرسەك، ئۇنىڭ تۇزلۇقلىقىنى سېزىمىز، بۇنىڭ سەۋەبى، دېڭىز سۈيىدە كۆپ مىقداردا تۇز ماددىلىرى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شۇنداق تۇزلۇق كېلىدۇ. ھەممىگە مەلۇم، دېڭىز سۈيى كۈنگە قاخلاپ قۇرۇتۇلغاندا ئۇنىڭ تېگىدە ئاپپاق تۇز دانچىلىرى قالىدۇ.

تۇز مىنېرال ماددىلارنىڭ بىرى.

ئالىملار ھەر ژىلى، تەخمىنەن 4 مىللىارد 900 مىللىون

تونىا چامىسىدىكى مىنېرال ماددىنىڭ قۇرۇغلۇقتىن دېڭىزگە بېقىپ كېتىدىغانلىغىنى ھېساپلاپ چىققان.

بۇ نىمىدېگەن كوپ سان. ئەگەردە بىزگە شۇ مىنېرال ماددىلارنى توشۇش توغرى كەلسە، بۇنىڭغا 1 مىلليارد ئاۋتوموبىل كەتكەن بولاتتى.

كىچىك دوستلار، دېڭىز-ئوكيانلار ئەنە شۇنداق زور ۋە ئاجايىپ غەزىنە. ئۇ، نەچچە يۈز مىليون ژىللاردىن بېرى، قۇم-لاتقا، شېغىللارنى، ھايۋاناتلارنى، ئوسۇملۇكلەرنى، مىكروئورگانىزملار ۋە مىنېرال ماددىلارنى ئوز قوينىغا سىغدۇرۇپ كەلدى. بۇلارنى ئۇستى-ئۇستىگە بېسىپ تىندۇرىۋېرىپ ئاخىرى ناھايىتى قېلىن خادا تاش قاتلاملىرى ھاسىل بولدى.

يەر پوستىدا ئوزگورۇش بولغاندا، دېڭىز-ئوكيانلاردا كومۇلۇپ ياتقان ناھايىتى قېلىنلىقتىكى خادا تاش قاتلاملىرى، يەر پوستىنىڭ ئىچ تەرىپىدىن قىسىشىغا ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ پەيدىن-پەي ژۇقۇرىغا قاراپ كوتۇرۇلۇپ ئېگىز تاغ تىزمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

## دېڭىز تېگىدىن ئېگىز تاغلارغىچە

سوز بۇ يەرگە كەلگەندە، «تاغلارنىڭ دېڭىز تېگىدىن

كۇتۇرۇلۇپ چىققانلىغىنى نەدىن بىلىمىز»، - دەپ سوئال بىرى-
شىڭىزلەر مۇمكىن.

بۇنىڭغا جاۋاپ بىرىش ناھايىتى ئوڭاي. چۈنكى، دۇنيا-
دىكى بارلىق ئىگىز تاغلار، مەسىلەن: دولىتىمىزدىكى ھىم-
مالايا تېغى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كاۋكاز تاغلىرى، ياۋروپا-
دىكى ئالىپ تاغلىرى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىسكالىستى
(كوردىللېر) تاغلىرى، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئاند تاغلىرى
...نىڭ ئەڭ ئىگىز چوققىلىرىدىن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك-
لەرنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرىنى (ئىزلىرىنى) تاپقىلى
بولىدۇ.



تاشقا ئايلانغان نەرسىلەر.

قۇرۇغلۇقتىكى ھايۋاناتلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر دېڭىز - ئو-

كيانلاردا هايات كوچۇرەلمىگەنگە ئوخشاش، دېڭىز ـ ئوكيانلار تېگىدىكى هايۋاناتلار بىلەن ئوسۇملۇكلەرمۇ قۇرۇغلۇقتا هايات كوچۇرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز شۇنداق دېيىشكە هەقلىقمىزكى، بۈگۈنكى ئېگىز تاغلىق جايلار ئوتمۈشتە ناهايىتى تىرەن دېڭىز ـ ئوكيانلار ئىكەنلىكى چوقۇم.

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدە ئاهاك تاشلار ناهايىتى كەڭ تارالغان، بۇ ئاهاك تاشلار ئوتمۈشتىكى هېسابسىز دېڭىز هايۋانلىرى قالدۇقلىرىنىڭ (سۆڭەكلىرىنىڭ) چوكمىلىرىدىن هاسىل بولغان. ئاهاك تاشلار ئىچىدىن بەزى ۋاختلاردا مىكروسكوپسىزمۇ سۇ هايۋانلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تېپىشىمىز مۇمكىن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوكراينا رېسپۇبلىكىسىدا بوردىن تەركىپ تاپقان بىر توتاش سوزۇلغان تاغلار بار. بىز هازىر شۇخىل بورلارنىڭ ئوتمۈشتىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ تېگىدە ياشىغان سان ـ ساناقسىز مىكروئورگانىزملارنىڭ قالدۇقلىرىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلىمىز.

مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ، سىچۇەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىكى تاغلاردا قات ـ قات تاش تۇز قاتلاملىرىنى ئۇچرىتىمىز، ئوتمۈشتە بىرسى بۇ تۇزلارنى شۇيەرلەرگە جايلاشتۇرۇپ قويغانمىدۇ؟

ياق، ئۇنداق ئەمەس.

بىزگە مەلۇم، دېڭىز سۇيى ئاچچىق. تۇز دېڭىز سۇلىرىنىڭ هورغا ئايلىنىشىدىن پەيدا بولۇدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاش تۇز تارالغان جايلارنىڭ ئۆتمۈشتە دېڭىز ياكى ناهايىتى زور ئىچكى كول رايونى بولغانلىقى چوقۇم.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. نەچچە يۈز مىللىون يىللار ئىلگىرى ۋەتىنىمىزنىڭ لياۋنىڭ، فۇجيەن، جېجياڭ ۋە باشقا ئازساندىكى جايلىرىدىن تاشقىرى قالغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆپ-كۆك دېڭىز بېسىپ تۇراتتى، بۇ يەرلەردە قۇرۇغلۇقلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ ھالدا، ئېگىز تاغلارنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىمۇ تەبىئىي، ئەلۋەتتە.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاتاغلىق تاغلاردىن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى تيانشان تاغ تىزمىلىرى، خىڭدۇەن تاغ تىزمىلىرى، شىنئەنلىڭ (ھىنگان) ۋە نەنلىڭ تاغلىرىنىڭ ھەممىسى قىدىمقى دەۋر (پالېئوزوي)① ۋە ئوتتۇرا دەۋر (مېزوزوي)② لەردە كەينى-كەينىدىن دېڭىز تېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان.

ئۇلۇغ ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى بۇندىن 50 مىللىون يىل ئىلگىرى تېخى دېڭىز تېگىدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئەڭ

①قىدىمقى دەۋرگە تەخمىنەن 360 مىللىون يىل بولدى.

② ئوتتورا دەۋرگە تەخمىنەن 135 مىللىون يىل بولدى.



www.uyghurkitap.com

يېقىنقى زامانلاردا پەيدا بولغان بىر قىتىملىق يەر پوستى ھەركىتى ۋاختىدىلا ،ھىمالايا تاغلىرى دېڭىز سۈيىنى قوغلاپ تاشلاپ، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى كوتۇرۇلۇپ چىقتى.

يەرشارى ئەنە شۇنداق تىنماي ھەركەت قىلىپ تۇرۇدۇ، ئۇ ئوتمۇشتىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ئوز قىياپىتىنى تىنماي ئوزگەرتىپ كەلدى، ھازىرمۇ كېلىچەكتىمۇ ئوزگورۇپ تۇرۇدۇ. ئۇ دائىم دېڭىز-ئوكيانلارنى ئېگىز تاغلارغا، ئېگىز تاغلارنى دېڭىز - ئوكيانلارغا ئوزگەرتىدۇ.

گېولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا قارىغاندا، يەر شارىدا 4 قېتىم زور ئوزگورۇش بولۇپ ئوتكەن. يەرشارىدىكى ھازىرقى چوڭ تاغ تىزمىلىرى يەر پوستىنىڭ تورتىنچى قېتىملىق ئوز-گورۇشىدە كوتۇرۇلۇپ چىققان.

يەرشارىدىكى بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ناھايىتى ئاستا بولغان، ئەلۋەتتە. بۇجەريان ئازدېگەندە نەچچە ون مىللىون ياكى نەچچە يۈز مىللىون ژىللارغا سوزۇلغان.

## تاغ قاتلاملىرى قاتلاق قىلىپ ئەگرى-بۈگرى بولۇپ قالغان

تاغلارغا ساياھەت قىلغىنىمىزدا، ئەگەر تاغ جىنىسلىرى-نىڭ قاتلاملىرىغا سەپ-سېلىپ قارايدىغان بولساق، تاغ جىنىس-



تاغ جىنسلىرى قاتلاملىرىنىڭ يانتۇلىقى.

لىرى قاتلاملىرىنىڭ سۇنىڭ ئۇستىدەك تەكشى ئەمەسلىكىنى (دېڭىز تېگىدىكى تاغ جىنسلىرى ئەسلىدە تەكشى بولىدۇ)، بەلكى بەزىلىرىنىڭ يانتۇ، بەزىلىرىنىڭ دولقۇنسىمان ئەگرى - بۈگرى، بەزىلىرىنىڭ سىلەر ئىشلىتىۋاتقان 3 بۇرجەكلىك سىزغۇچقا ئوخشاش توغرى بۇلۇڭ ھاسىل قىلغانلىقىنى كورۇمىز، تاشلار گوياكى سۇنئىي ئېگىپ قويغاندەك كورۇنىدۇ.

تاش شۇنداق قاتتىق نەرسە تۇرسا، ئۇ قانداق قىلىپ ئەگرى - بۈگرى بولۇپ قالىسۇن؟ دەپ سوئال قويۇشۇڭلار مۇمكىن.

ئالىمچاقلار، سىلەرنىڭ بۇ سوئالىڭلار ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق.

توغرى، تاشلار شۇنداق قاتتىق، بۇ، يە قەغەز، يە تېرە

ئەمەس، قانداق قىلىپ تاگگازىنغا ئوخشاش ئەگرى - بۇگرى بولۇپ قالدى؟


تاغ جىنسلىرى قاتلاملىرىنىڭ ئەگرى- بۇگرىلىكى.

بۇ سوئالغا ئوتمۇشتىكى ئالىملار مۇ جاۋاپ تېپىشالمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار: دېڭىز تېگى ئېگىز تاغلارغا ئايلانغان چاغدا، دېڭىز ئاستىدىكى تاغ جىنسلىرى تېخى بىر تۇرلۇك يۇمشاق ھالەتتە بولغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن شۇنداق ئەگرى- بۇگرى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقان.

ئەمما ئەمەلىيەت كوپۇنچە كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولىۋەمەيدۇ. تاغدىكى تاشلار ھەقىقەتتە قاتتىق جىسىم ھالىتىدە شۇنداق ئەگرى - بۇگرى ھالغا كەلگەن. بۇ قىلچە يالغان ئەمەس. چۇنكى، بۇنى تووەندىكى ئەھۋاللاردىن كورگىلى بولىدۇ: خادا تاشلار شىددەتلىك ئېگىلىش جەريانىغا گەزلەشكەندە ئۇنىڭدا بىر مۇنچە يۇچۇقلار پەيدا بولىدۇ؛ بەزى جايلىرى ھەتتا سۇنۇپ كېتىدۇ؛ ئەگەر خادا تاشلار يۇمشاق ھالىتىدە ئەگرى - بۇگرى بولغان بولسا ئىدى،

www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئەھۋاللار ھەرگىز بولمىغان بولاتتى.

ئۇنداق بولسا، قاتتىق خادا تاشلار زادى قانداق قىلىپ ئەگرى-بۈگرى بولۇپ قالغان؟

بۇ مەسىلىنى ئالىملار كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا ئۆگىنىپ چىقتى. ئەسلىدە تاغ قاتلاملىرىنىڭ ئەگرى-بۈگرى بولۇپ قېلىشى يەر پوستىنىڭ غايەت كۈچلۈك بېسىمغا ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى، ئاستا، لېكىن كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا ھەر قانداق قاتتىق جىسىم ئۆز شەكلىنى يوقۇتىدۇ.

مەسىلەن ئالايلى، قاتتىق تۆمۈر ياكى پولات تاختىسى ژۇقۇرى بېسىم ئاستىدا بېسىلىدىغان بولسا، قەغەز ئېگىلگەندەك ئەگرى-بۈگرى بولۇپ ئېگىلىپ كېتىدۇ؛ قوغۇشۇن بىرخىل قاتتىق مېتال، لېكىن ژۇقۇرى بېسىم ئاستىدا ئۇششاق تۆشۈكلەردىن خۇددى سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. بېسىم كۈچىنى ئاستا، لېكىن پەيدىن-پەي كۈچەيتسەك ھەتتا ئەڭ چۈرۈك نەرسىلەردىن بولغان ئەينەك ۋە مۇز پارچىلىرىنىمۇ ئۆز خاھىشىمىزچە ئېگەلەيمىز.

دېڭىز-ئوكيانلار تېگىدىكى خاداتاش قاتلاملىرى يەر پوستىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا تاڭگازىغا ئوخشاش ئەگرى-بۈگرى ھالەتكە كېلىپ، يەر پوستى ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ئاستا-ئاستا ژۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ تاققا ئايلانغان.

## ئاجايىپ ئۆزگىرىش

بىز تاغلارنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىگىنى بىلدۇق.

بىز يەر يۈزىدىكى بارلىق ئېگىز تاغلارنىڭ دېڭىز تېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنىمۇ بىلدۇق

بىز دېڭىز تېگىدىكى تاغ قاتلاملىرىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى جانلىق هايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز مىنېرال ماددىلارنىڭ چۆكمىلىرىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەنلىگىنىمۇ بىلدۇق.

بىز يەر پوستىدا هەركەت پەيدا بولۇپ، دېڭىز تېگىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، قاتتىق خادا تاشلارنىڭ ئاستا، لېكىن كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا خۇددى تاڭگازىغا ئوخشاش ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ قالىدىغانلىغىنىمۇ بىلدۇق.

تاغلار يەر شارىدىكى ئەنە شۇنداق بىر تۇتاش ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنگەن.

# 3. يانار تاغلار توغرىسىدا هېكايە

يەر شارىدا دېڭىز تېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئېگىز تاغلاردىن باشقا، يەر قەۋىتىدىن ئېتىلىپ چىققان لاۋىلارمۇ دۆۋىلىنىپ يەككە ـ يەككە ئېگىز تاغلارنى هاسىل قىلىدۇ. مانا

بۇ يانار تاغ دەپ ئاتىلىدۇ.

بانار تاغ — دېيىش بىلەن بىر مۇنچە كىچىك دوستلار يانار تاغ دېگەن ۋالىلداپ يېنىپ تۇرۇدىغان تاغ بولۇشى كېرەك، — دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمىلىيەتتە بانار تاغدا زەررىچىلىكمۇ ئوت ئۇچقۇنى بولمايدۇ. ئۇ، يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوتتەك ئىسسىق گاز، ماگما ۋە كۇل (يانار تاغ كۇللىرى)، ھەتتا تاشلاردىن ئىبارەت.

ئەنە شۇ نەرسىلەر يانار تاغ ئاغزىدىن بۇلۇتقا ئوخشاش ئېتىلىپ چىققاندا كۇندۇزى قاپ - قارا رەڭدە بولۇدۇ. لېكىن كېچىسى يانار تاغ ئاغزىدىن چىققان ئىسسىق لاۋىنىڭ ئەكسى نۇرى ھېلىقى ئىسلارنى قىزغۇچ تۇسكە كىرگۇزۇدۇ، بۇ قىزىللىق خۇددى ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ.

## ھەركەتتىكى ۋە ئۇچكەن يانار تاغلار

كىشىلەر ئادەتتە بانار تاغلارنى ئىككى خىلغا بولۇدۇ: بىرى، دائىم ئېتىلىپ تۇرۇدىغان يانار تاغلار. بۇ «ھەركەتتىكى يانار تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، كوپتىن بېرى ئېتىلىشتىن توختاپ قالغان يانار تاغلار، بۇ «ئوچكەن يانار تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

يانار تاغلارنى بۇنداق بولۇش ئۇمۇمەن ئالغاندا توغرى. لېكىن تامامەن ئىشەنچىلىك ئەمەس. چۈنكى ئالىملار ھېچقاچان يانار تاغلارنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ زادى «بوچكەن» ياكى «بوچمىگەن» لىگىنى تەكشۈرۈپ باقان ئەمەس.



يانار تاغنىڭ ئېتىلغان ۋاختىدىكى كۆرۈنۈشى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئۆچكەن يانار تاغلار قاچاندۇ بىر ۋاختىلارغا كەلگەندە ھەركەتكە كېلىپ غەزەپ ئوتلىرىنى چېچىشى مۇمكىن.

ئىتالىيەدىكى ۋېزۇۋى يانار تېغىنى ئالايلى، بۇندىن ئىككى مىڭ يىل ئاۋال بۇ ئۆچكەن يانار تاغ دەپ تونۇلغان ئىدى. دىخانلار ئۇنىڭ يان باغىرلىرىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ باغۋەنچىلىك قىلاتتى. چارۋىچىلار يانار تاغ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا مال باقاتتى.

لېكىن كىممۇ ئويلىغان دەيسىز، مىلادىيىنىڭ 79 ـ ژىلى ۋېزۇۋۋى يانار تېغى تۇيۇقسىزلا پارتىلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كوپ مىقداردا گاز، لاۋا ۋە يانار تاغ كۇللىرى خۇددى فونتانىغا ئوخشاش ئېتىلىپ چىقىپ، كوپ كۇچۇمەستىنلا شۇ ئەتراپتىكى گىركولانوم ۋە پومپېيە شەھەرلىرىنى كومۇپ تاشلىدى.



يانار تاغنىڭ ئاغزى.

شۇنداق قىلىپ ئىتالىيىنىڭ بۇ ئىككى قىدىمقى شەھىرى يەر تېگىدە ئىككى مىڭ ژىلغا يېقىن ئۇيقۇدا ياتتى. پەقەت يېقىنقى ۋاختىلارغا كەلگەندىلا كولۇنۇپ بېچىلدى.

## يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشى

يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشى ھەقىقەتەن قورقۇنۇچلۇق بولۇدۇ. يانار تاغ ئېتىلغاندا، يانار تاغ ئىچىدە خۇددى گۇلدۇرـ مامىغا ئوخشاش دەھشەتلىك گۇلدۇرلەش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىـ

دۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يانار تاغ ئەتراپىدىكى يەر-
لەر غال-غال تىترەشكە باشلايدۇ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كرا-
تىردىن (يانار تاغ ئاغزىدىن) كۆپ مىقداردا قىزىغان ىس
بۇلۇتلىرى بوقسۇپ، ئېتىلىپ چىقىدۇ.

ئەنە شۇ ئىسلار زەمبىرەك ئوقىدىنمۇ تېز سۇرئەت بىلەن
ئاسمانغا قاراپ تىك كوتۇرۇلۇدۇ. ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق زور
قۇۋۋەت بولغانلىقتىن، كۆپ مىقداردىكى سۇ هورلىرى، ماگمى-
لار، تاشلار ۋە يانار تاغ كۇللىرى خۇددى فونتاندەك ئاس-
مانغا ئېتىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئىس تۇۋرۇكلىرى 5 كىلو-
مېتر ئېگىزلىككە كوتۇرۇلۇدۇ، ئۇنى هەر قانداق قاتتىق بۇران-
مۇ تارقىتىۋېتەلمەيدۇ.

ىس ژۇقۇرىغا كوتۇرۇلۇپ ئېگىزلىكتە قارا بۇلۇتلارنى
هاسىل قىلىدۇ. ئۇ بۇلۇتلار بىر پەستىلا خۇددى قاراپەردىگە
ئوخشاش كۈن نۇرىنى توسىۋالىدۇ-دە، كۇندۇزنى تۈنگە
ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

سۇ هورلىرى ژۇقۇرى ئورلىگەندىن كېيىن ژۇقۇرىدىكى
سوغۇق هاۋاغا دۇچ كېلىپ هەددى هېساپسىز يامغۇر تامچى-
لىرىغا ئايلىنىپ يەرگە شارقىراپ چۈشۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، هاۋانىڭ سۇركۇلۇشىدىن ئاسماندا چاخماق چېقىلىپ
گۇلدۇرماما پەيدا بولۇدۇ-دە، قارا يامغۇر چۇشۇشكە باشلاي-

دۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە توپىلاقتەك ۋۇلقان ئوقلىرى، نۇقۇتتەك ھەم ياڭاقتەك چوڭ ـ كىچىك ۋۇلقان پارچىلىرى ۋە قازىغا ئوخشاش لاۋا كۇللىرى چۈشۈشكە باشلايدۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا، يامغۇر سۇلىرى تاغ قاپتاللىرىدىن خۇددى شارقىراتمىدەك تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ. بۇ، سۇ ئۆز يولىدىكى لاۋا كۇللىرى ھەم ماگمىلار بىلەن ئارىلىشىپ سىسىق لاي قىيانغا ئايلىنىدۇ. بۇ قىيانلار غايەت تېز سۈرئەت بىلەن شارقىراپ تاغ ئېتەكلىرىگە ئېتىلىدۇ، يول بويىي دۇچ كەلگەن دەرەخلەرنىمۇ قومۇرۇپ تاشلايدۇ، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىدۇ، ھەتتا پۈتۈن ـ پۈتۈن شەھەرلەرنىمۇ كۆمۈپ تاشلايدۇ.



ۋۇلقان ئوقلىرى.

ئىتالىيىدىكى گىركولانوم ۋە پومپىيە شەھەرلىرىنى ئەنە شۇنداق لاي ـ قىيانلار كۆمۈپ تاشلىغان.

يانار تاغ ئېتىلغاندىن كېيىن يانار تاغ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا قېتىپ قالغان ماگما ھەم لايلار يىغىلىپ ژۇمىلاق تاغ چوققىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۇرغۇنلىغان يانار تاغلار

ئۇزۇن مۇددەتـكىچە توختـىماي يېنىپ تۇرغاشقا ، يانار تاغ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان ماگمىلار بىلەن لاۋىلار تاغ ئەترا ـ پىدا ئۇستى ـ ئۇستىگە ژىغىلىۋېرىپ ، كۇنلەرنىڭ ئوتۇشى بىلەن نەچچە مىڭ مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغلارنى پەيدا قىلىدۇ.

يانار تاغلار ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان.

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كوتوپاخىي يانار تېغى بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىگى 5٬900 مېـتر بولۇپ، بۇ ھازىر دۇنيادا ئوچمىگەن ئەڭ ئېگىز يانار تاغ ھېساپلىنىدۇ. سوـ ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كامچاتـكا يېرىم ئارىلىدا كىلـيۇچىۋ يانار تېغى بار ، ئۇنىڭ ئېگىزلىگى 4٬800 مېـتر بولۇپ، بۇ ئاسىيا بويىچە ئوچمىگەن ئەڭ ئېگىز يانار تاغ ھېساپلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە يانار تاغلار ئانـچە كوپ ئەمەس. مەملىـ كىتىمىزدىكى يانار تاغلار ئاساسەن شەرقىي ـ شىمال، يۇننەنـ لەرگە ۋە تەيـ ۋەن، خەينەنـ داۋ ئاراللىرىغا جايلاشقان . مەملىكىتىـ مىزدىكى يانار تاغلارنىڭ كوپ



چاڭبەيشەن تېغىدىكى تيەنچىش كولى.

www.uyghurkitap.com

قسمى ئوچكەن يانار تاغلار ، ئوتمۇشتە بۇلارنىڭ بەزىلىرى قايتىدىن ئېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرچە تېپ-تېچ تۇخلىماقتا ،

جۇڭگو بىلەن چاۋشەن چېگىرىسىغا جايلاشقان چاڭبەيشەن تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى بەيتۇشەن يانار تېغى 200 نەچچە يىلدىن بېرى ئېتىلماي ياتماقتا . ھازىر ئۇ يانار تاغنىڭ ئاغزىغا سۇزۇك يامغۇرسۇلىرى ژىغىلىپ گۈزەل بىر كول پەيدا بولدى، بۇ كول تيەنچىش ① دەپ ئاتىلىدۇ.

## يانار تاغلار بىلەن مىنېرال ماددىلارنىڭ مۇناسىۋىتى

يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ئىنسانلارغا زور ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا پايدىسىمۇ يوق ئەمەس.

بىزگە مەلۇم، يەر پوستىنىڭ ئاستىدا قىزىق ماگمىلار ئورۇن ئالغان. ماگمىلار گايى چاغلاردا يەر ئۈستىگە چىقىشقا يول تېپىپ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىشى كېلىپ چىقىدۇ.

لېكىن ماگمىلارنىڭ ھەممىسىلا يەر پوستىنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا يول تېپىپ كېتەلمەيدۇ. يەر پوستىنىڭ ئۈستىگە

① تيەنچىش ــــ ساماۋى كول ھەنىسىدەــــت.

چىقىشقا يول تاپالمىغان كۆپ مىقداردىكى ماگمىلار يەرپوس-
تىنىڭ ئاستىدا قېتىپ قالىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا سوۋۇشقا باش-
لايدۇ. ماگما ئەنە شۇنداق ئاستا - ئاستا سوۋۇغان ۋاختىتا،
لاۋىلار تەركىۋىدە بولغان مىنېرال ماددىلاردىن ئالتۇن،
كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قەلەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەت
باھا كان بايلىقلىرى ئاجرىلىپ چىقىدۇ.

ۋەتىنىمىز ھەرخىل كان بايلىقلىرىغا تولىمۇ مۇھتاج!

يانار تاغلارنىڭ ئەتراپىدا خۇددى دومنا مىشىنىڭ داش-
قاللىرىدەك قېتىپ قالغان ھەددى ھېساپسىز ماگما (لاۋا) لار
ئەڭ ياخشى بىناكارلىق ماتېرىيالى بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا بۇنداق تۆشۈك - تۆشۈك بولۇپ تاشتەك قېتىپ قالغان
ماگمىلاردىن بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا كۆپلەپ پايدىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ياخشىلىقى شۇكى، ئۇ مەككەم ۋە يېنىك بولۇپ، ئاۋاز
ئۆتكۈزمەيدۇ، ئىسسىقلىقنىمۇ ئوڭاي ئۆتكۈزمەيدۇ.

بۇندىن باشقا خۇددى بەدەن ژۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇلۇت
شەكلىدىكى جىلۋىر تېشى بار. بۇ تاش كوۋۇككە ئوخشاش
بولۇپ، سۇدا لەيلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ لەيلەيدىغان تاش
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قول - بارماقلىرىمىزغا تەككەن
قارا - قۇرا داغلارنى سۈرتۈپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ-
دەك ئۇنىڭدىن ئالىيۇمىندىن ياسالغان ھەرخىل ئەسۋاپلارنى

پاقىرتىش ماتېرىيالى سۈپىتىدىمۇ پايدىلانغىلى بولۇدۇ. بۇنىدىن باشقا، يانار تاغ كۆللىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن ۋۇلقان تاشلىرى ھاسىل بولۇدۇ، بۇمۇ ئەڭ باخشى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن ھېساپلىنىدۇ.

## يانار تاغلار قانداق ئېتىلىدۇ؟

بىز يانار تاغلارنىڭ يەرپوستىنىڭ ئاستىدىن ماگمىلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن ئېتىلىدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ ئوتتۇق. لېكىن، يەرپوستىنىڭ ئاستىدىكى ماگمىلار يەرئاستىدىن قانداقسىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يانار تاغ ئېتىلىشىنىڭ سەۋەپلىرى بىلەن ئۇمۇمىي يۈزلۈك تونۇشۇپ چىقىشقا توغرى كېلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، يەر شارىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قاتتىق قىسمى يەرپوستى دەپ ئاتىلىدۇ. يەرپوستىنىڭ ئاستىنقى قىسمى سۇيۇق قەۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. سويۇق قەۋەتنىڭ ھارارىتى (ئىسسىقلىقى) ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، بۇ يەر ماگمىلارنىڭ كانى ھېساپلىنىدۇ.

ئەنە شۇ، قىزىپ چوغ بولۇپ تۇرغان ماگمىلار يەرپوستىنىڭ ئاستىدا قاتتىق سىقىلىپ تۇرۇدۇ، لېكىن ئۇلار دېگەندەك تېچ تۇرمايدۇ، بەلكى تىنىماي ئوتلۇق گاز كۆپۈكلىرىنى

چىقىرىپ تۇرۇدۇ ۋە ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە يەر پوستىنىڭ ئۇستىگە قاراپ قىستىلىدۇ. هازىر بىز تۇرغان يەر شارى پوستىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر چىقىدۇ. پەقەت مۇشۇ سانغىلا قارىغاندا يەر پوستى خېلى قېلىندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن گونى پۇتۇن يەر شارىنىڭ ھەجمىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا يەر شارى ئەپلىسون بولسا، يەر شارىنىڭ پوستى ئەپلىسون پوستىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، يەرنىڭ پوستى ھەقىقەتەن نېپىز.

ئەنە شۇنداق نېپىز بولغان يەر پوستىنىڭ نېپىز - قېلىنلىقى بىر تەكشى ئەمەس: گايىبىر جايلىرى قېلىن بولسا، گايىبىر جايلىرى نېپىز. خەۋپلىك يېرى شۇكى، بەزى جايلاردا دەز كەتكەن جايلار (يوچۇقلار) ناھايىتى كوپ بولۇپ، مۇنداق دەزلەر يەر پوستىنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىغىچە تۇتۇشىدۇ.

يەر پوستىنىڭ تېگىدە ئۇستىگە قاراپ قىستىلىۋاتقان ماگمىلار ئەنە شۇ دەز كەتكەن يوچۇقلارغا توغرى كەلگەندە، ياخشى يول تاپىدۇ-دە، شۇ يوچۇقلارنى بويلاپ ژۇقۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كوپ مىقداردىكى گاز ۋە لاۋىلار يەر يۇزىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ. مانا بۇ ۋاختىتا، يەر ئۇستىدە يانارتاغنىڭ ئېتىلىش هادىسىسى يۇز بېرىدۇ.

مانا شۇنداق سەۋەپلەر بىلەن ئۇزۇپ ئېيتالايمىزكى، يەر شارىنىڭ قەيېرىدە يانار تاغ بولسا، شۇ يەردىكى يەر پوستىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇچۇق بولۇدۇ، شۇنداقلا يەر پوستىنىڭ قەيىرىدە يۇچۇق بولسا، شۇ يەردىن يانار تاغ ئېتىلىپ چىقىدۇ.

دۇنيا بويىچە ھەركەتچان يانارتاغلار 400 دىن ئارتۇق، بۇنىڭ 300 دىن ئارتۇغراغى ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىغا جايلاشقان. نىمە ئۇچۇن ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىدا ھەركەتچان يانارتاغلار مۇنداق كوپ بولۇدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىدا يەر پوستىدا يۇچۇقلار ناھايىتى كوپ.

## يېقىن كەلگۈسىدە

كىشىلەر يانار تاغلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىنى ئالدىن بىلمەيدۇ. ھەتتا يانار تاغ ئەتراپىغا جايلاشقان كىشىلەرمۇ بىلمەيدۇ. يانار تاغ ئېتىلىپ چىققاندا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ پالاكەتكە يولۇقىشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ.

ئانداق بولسا، يانارتاغنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىنى توسىغىلى بولامدۇ؟

ياق. توسىغىلى بولمايدۇ.

لېكىن بىز ھازىر يانارتاغلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىنى ئالدىن بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. سېيسموگراف [1] دېگەن بىر

[1] سېيسموگراف — يەرنىڭ قىمىرلىشىنى قەيت قىلغۇچى ۋە دىياگراممىسىنى سىزىۋالغۇچى ئاۋتوماتىك ئەسۋاپ. ئۇ ناھايىتى سەزگۇر بولۇپ يەر ئاستىدىكى ھەركەتنى سىزىۋالالايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭدىن يانارتاغلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىنى بىلىشتىمۇ پايدىلانغىلى بولۇدۇ — ت.

خىل ئەسۋاپ بار، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن يانارتاغلارنىڭ ھەر-كىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەردە يانار تاغ ئېتىلىپ چىقماقچى بولىدىكەن، سېيسموگراف شۇ زامات سىگنال بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يانار تاغ ئېتىلىپ چىققىچە ئۇ جايدىن يوتكۇلۇپ كېتىشكە ئۇلگۇرىدۇ.

ئاتاغلىق سوۋېت ئالىمى ئىلىن «ئادەم ۋە تاغ» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

«كەلگۈسىدە ھەر بىر يانار تاغنى بىردىن ئىلمىي پۇنكت كۈزۈتۈپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئەگەردە يانار تاغ ماگمىلىرى يەر ئۈستىگە چىقىشقا ھەركەتلىنىدىكەن، سېيسموگراف تارتىش قۇۋۋىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگۈرۈش پەيدا بولغانلىقىنى كور-سىتىدۇ. ئېلېكترلىق تېرمومېتىر ھاراره‌تنىڭ ژۇقۇرى كوتۇ-رۇلگەنلىگىنى كورسىتىدۇ.

«شۇنىڭ بىلەن ئىلمىي پۇنكت يانارتاغنىڭ ئېتىلاي دەپ قالغانلىغى توغرىسىدا رادىو ئارقىلىق سىگنال بېرىپ، يانارتاغ ئېتىلگەندە ئورۇنلاشقان خەلقلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

«ئەنە شۇ چاغدا توپ ـ توپ كىشىلەر پىرىستانلارغا، ۋوگزاللارغا، ئائېرودروملارغا قاراپ چېپىشىدۇ. پاروخوتلار، پويېزدلار، ئائېروپىلانلار كىشىلەرنى ھەر ياققا ئېلىپ ماڭىدۇ. ھەممىنىڭ ئارقىسىدىن ئىلمىي پۇنكتتىكى كۈزەتچى خادىم-

لارمۇ كېتىپ قالىدۇ.

«ياناردتاغ ئېتىلغىچە ياناردتاغ ئەتراپىدىكى يېزا ۋە شەھەر-لەردە ئادەمزاتنىڭ سايىسىمۇ قالمايدۇ.»

كىچىك دوستلار! بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. بۇ ئىشلارنى قىلىش تامامەن مۇمكىن. بۇ خۇددى ھازىرقى ھاۋارايى ستا-نسىيىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاۋا رايىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش. يېقىن كەلگۈسىدە ياناردتاغلارنىڭ ئېتىلىشى بىلەن ئىنسانلارغا كېلىدىغان ئاپەتلەر زور دەرىجىدە ئازايتىلىدۇ.



دوڭلەر

# 4. ئەمدى بىز تاغلار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى

## تاغلارنىڭ خىللىرى

يەرشارىدىكى ئېگىز - پەس، ئەگرى - بۈگرى تاغلارنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇزىگە خاس ئاتلىرى بولىدۇ.

مەسىلەن: بىز بەزى كىچىك ھەم پەس، ئۈستى تۈپ ـ تۈز، ئادەتتە تۈزلەڭلىكلەردە يەككە ـ يەككە چوخچۇيۇپ چىقىپ تۇرغان ئېگىزلىكلەرنى ئۇچرىتىمىز، بۇ «دۆڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ئېگىزلىگى بىر قەدەر زور، تۈزۈلۈشى تىكرەك كېلىدىكەن، بۇ «تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئېگىز ـ پەس تاغلار بىلەن دۆڭلەرنىڭ بىرىكمىسى «ئېدىرلىق»، دەپ ئاتىلىدۇ.

يەككە ھالىدىكى ئېگىز تاغلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. تاغلار كوپىنچە بىر ـ بىرىگە تۇتاش كېلىدۇ. خۇددى دولقۇنغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئېگىز تاغلار «تاغ تىزمىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. تاغ تىزمىلىرى كوپىنچە بىر نەچچە يۈز ھەتتا بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولىدۇ.



تاغ تىزمىلىرى.

ۋەتىنىمىزنىڭ ئولكىلەرگە بولۇپ سىزىلغان خېرىتىسىدە ئېگىز تاغلار بىلەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ناملىرى ئوچۇق كورسۇتۇلگەن. بىز خېرىتىگە قارىساق، ھىمالايا، كۇئىنلۇن، تيانشان تاغ تىزمىلىرىنى، شىنئەنلىڭ (ھىنگان)، تەيشەن، خۇاشەن، خۇاڭشەن، گەمشەن تاغلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئېگىز تاغلارنى تاپالايمىز.

بىزگە تونۇش بولغان نۇرغۇن تاغلارنى، مەسىلەن، بېيجىندىكى يۈيچۈەنشەن، نەنجىندىكى فاڭشەن (يۈيخۇاتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سۇجۇدىكى خۇچۇشەن، خاڭجۇدىكى نەنگاۋفىڭ، بېيگاۋفىڭ، جىنجاڭدىكى جاۋشەن، ئۇچاڭدىكى شەشەن... قاتارلىق تاغلارنى خېرىتىدىن ئىزدەپ قېزىۋەتسەكمۇ تاپالمايمىز. چۈنكى ئۇ تاغلار ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تاغلارغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ پاكار بولۇپ، پەقەت «دوڭ» دەپ ئاتاشقىلا لايىق.

كىچىك دوستلار! سىلەر تاغلارغا چىقىپ ئوينىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. لېكىن سىلەر چىققان تاغلار، ئەنە شۇ خېرىتىدىن تاپقىلى بولمايدىغان تاغلار بولسا كېرەك. بەزى تاغلار ناھايىتى ئېگىز بولۇپ ئۇنىڭغا بالىلارنىڭ چىقىشى ناھايىتى تەس. مەسىلەن، ھىمالايا ۋە تيانشان تاغلىرىنىڭ چوققىسىغا چوڭ كىشىلەرمۇ چىقالمايدۇ. پەقەت مەخسۇس ساياھەتچىلەر-

نگلا چىقالىشى مۇمكىن.

## تاغلارنىڭ تۈزۈلۈشى

ئەگەر بىزدىن «تاغلار قانداق جىسىملاردىن تۈزۈلگەن؟» ،—— دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا: تاغلار ھەر خىل تاغ جىنسلىرىدىن—ئاساسەن سلانسلار[1]، قۇم تاشلار، ئاھاك تاشلار، گرانىتلار قاتارلىق جىسىملاردىن تۈزۈلگەن، دەپ جاۋاپ بېرىمىز.

سلانسلار قېدىمقى دېڭىز تېگىگە چۆككەن سېغىز توپىلاردىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ سلانسلىقىنى ئايرىۋېلىشنىڭ ئاسان چارىسى بار، ئۇنى نەمدىسە ئۇنىڭدىن توپا پۇرىقى كېلىدۇ.

سلانسلارنىڭ رەڭگى خىلمۇ-خىل بولۇدۇ، گايىبىرلىرى قىزىل كېلىدۇ، گايىبىرلىرى كۆكۈمتۈل كۆلرەڭ كېلىدۇ، بەزىلىرى يېشىلسىمان كۆلرەڭ كەلسە، بەزىلىرى قارامتۇل كېلىدۇ.

بۇنداق سلانسلار ئانچە قاتتىق ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۇ، ئوڭايلا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن يەر تېگىدە چوڭقۇرراق كۆمۈلۈپ ياتقان سلانسلار ئىسسىقلىق ۋە بېسىم تەسىرى بىلەن قاتتىقراق تاشلارغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق تاشلار تاختاتاش (شىبەن) دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① سلانس—ياپىلاق جىسىملاردىن قات-قات تۈزۈلگەن تاش—ت.

تاختا تاش ئاجايىپ بىر تاش بولۇپ، ئۇنى بولىكىغا، قاتلىمانىغا ئوخشاش تاختا ـ تاختا قىلىپ پارچىلىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەت يازىدىغان تاش تاختىلارنى ياسىغىلىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ، ئۆيلەرنىڭ ئۈستىنى يېپىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

«تاشتىن ياغ چىقماس» دېگەن ماقال بار. لېكىن بىر خىل تاش باركى، بۇنىڭدىن قىممەت باھالىق نېفىت[1] چىقارغىلى بولىدۇ. بۇنداق تاش ياغلىق سلانىس دەپ ئاتىلىدۇ.

ياغلىق سلانىسمۇ سلانىسنىڭ بىر خىلى. بۇنداق تاشلار مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋنىڭ، شىنجاڭ، شەنشى قاتارلىق جايلىرىدىن ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ. ھازىر لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇشۇن شەھىرىدە شۇ تاشتىن كۆپ مىقداردا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

قۇم تاش بۇرۇن تېيىز دېڭىزلەرنىڭ تېگىگە تىنىپ كەتكەن قۇم دانچىلىرىدىن ھاسىل بولغان. بىز ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىنى «بىرسىقىم تارقاق قۇم»غا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز. لېكىن دېڭىز تېگىدىكى تارقاق قۇملار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بىرىكىپ قاتتىق تاشلارنى ھاسىل قىلىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ھەقىقەتەن مۆجىزىلىكدۇر!

---

① ياغلىق سلانىستىن ئېلىنغان نېفىت «سۈنئىي نېفىت» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇم تاشلارنى پەرق ئېتىشمۇ ناھايىتى ئاسان، ئۇنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن ياخشىراق سەپ- سېلىپ قاراش كىپايە قىلىدۇ. قۇم تاشلارنىڭ تەركىبىدە قۇم دانىچىلىرى ناھايىتى كوپ بولىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل: بەزىلىرى سېرىق كەلسە، بەزىلىرى قىزغۇچ ياكى توق قىزىل كېلىدۇ. لېكىن قۇم تاش بىرىكمىلىرى كوپۈنچە مەككەم بولماي، ئوڭاي پارچىلىنىپ كېتىدۇ.

لېكىن قۇم تاشلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى مەككەم بولۇپ، ئەڭ ياخشى بىناكارلىق ماتېرىيالى ھېساپلىنىدۇ.

ئاھاك تاشلارنىڭ ئوتموشتىكى دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشىغان ھېساپسىز ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ قوۋزاقلىرىدىن ھاسىل بولغانلىقى بىزگە مەلۇم.

ئاھاك تاشلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كوپ، ئادەتتە كوپ ئۇچرايدىغانلىرى ئاھاك تاش، بور ۋە مەرمەر تاشلاردۇر.

ئاھاك تاشلار ئادەتتە ئاقۇش سۇر ياكى ساغۇچ كېلىدۇ. پۈتۈنلەي ئاھاك تاشلاردىن تەركىپ تاپقان تاغلارمۇ بار، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي - جەنۇبىي ئولكىلىرىدىكى تاغلارنىڭ كوپلىرى ئاھاك تاشتىن تۈزۈلگەن.

ئاھاك تاشلار نەپىس ۋە سۈزۈك كېلىدۇ. لېكىن ئۇ، ئانچە قاتتىق بولمايدۇ، پىچاق بىلەن سىزىپ ئىز چىقارغىلى بولىدۇ.

ئۇنى سىلىغداپ ئويلەرنىڭ تۇۋرۇكلىرىگە ۋە پەلەمپەيلەرگە ئىشلەتكىلى بولۇدۇ. ئاھاك تاشلارنىڭ ئەڭ زور ئىستىمال قىلىنىدىغان جايى شۇكى، ئۇنىڭدىن ئاھاك ۋە سېمېنت ئىشلەپچىقارغىلى بولۇدۇ.

بىر ناھايىتى يۇمشاق ئاقۇش ئاھاك تېشى بولۇپ، ئۇنى بارمىقىمىز بىلەن سەللا سىقساق شۇ زامات ئۇگۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى تالقان قىلىپ ئۇنىڭدىن بور ياساش ۋە ئوي ئاقارتىش ماتېريالى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ.

مەرمەر ناھايىتى گۈزەل تاش.

قەتئىي مەنىدە ئېيتقاندا، مەرمەر تاش ئاھاك تاشلار قاتارىغا كىرمەيدۇ، ئۇنى ئاھاك تاش جىنسىدىن تەركىپ تاپقان بىر خىل تاش دەپ ئېيتىشقا بولۇدۇ.

يەر تېگىگە چوڭقۇر كۆمۈلۈپ كەتكەن ئاھاك تاشلار مەلۇم ۋاقىتلاردا يەر تېگىدىكى ماگمىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھارارەت ۋە باشقا مۇرەككەپ ئەھۋاللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ خىلمۇ-خىل چىرايلىق مەرمەر تاشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

مەرمەر تاش سېرىق، قىزغۇچ، ئاق، كۆلرەڭ ۋە قارامتۇل رەڭلەردە بولۇدۇ. سىلىقلاشتۇرۇلسا ئۇنىڭدا گۈل-نەقىشدەك چىرايلىق سىزىقلار تېخىمۇ ئېنىغراق كورۇنۇدۇ. كىشىلەر

ئۇنى تۇۋرۇكلەرگە، پەلەمپەيلەرگە، دېرىزە تەكچىلىرىگە ئىشلىتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن نەقىش چىقىرىپ چىرايلىق، نەپىس ھەيكەللەر ياسىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەشەمەتلىك يەر ئاستى سارىيى — موسكۋا مېتروسىنىڭ ستانسىيىلىرىدىكى ئەگمە زاللارنىڭ ئىككى قانتىدىكى تاملىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئەڭ ياخشى مەرمەر تاشتىن ياسالغان.

كىچىك دوستلار! ئەگەر سىلەر تاغدا ئۇچراپ قالغان بىرەر ئاھاك تاشنىڭ (مەيلى ئۇ ئاھاك تاش بولسۇن، بور بولسۇن ياكى مەرمەر تاش بولسۇن) ئاھاك تاش ئىكەنلىكىنى ياكى ئاھاك تاش ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىيالمىساڭلار ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تامچا تۇز كىسلاتاسى تامغۇزۇڭلار. ئەگەر ئۇ ئاھاك تاش بولسا، شۇ زامات ۋىژىلداپ ئۇنىڭدىن كۆپۈك چىقىشقا باشلايدۇ. سىلانىس، قۇم تاش ۋە ئاھاك تاشلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز تېگىدە ھاسىل بولغان، شۇڭلاشقا ئۇلار «سۇ تاشلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گرانىت «سۇ تاشلىرى» نىڭ ئەڭ ئاددىي خىللىرىدىن بىرى. ئۇ يەر پوستىنىڭ تېگىدىكى ماگمىلارنىڭ ئاستا - ئاستا سوۋۇپ قېتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان.

گرانىت تېشى دالا تاش، چاقماق تاش، سىلۇدا قاتار-

لىق مىنېرال ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان. ئەگەر بىز بىر پارچە گرانىت تېشىغا سىنچىلاپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا نۇرغۇن سەپكۈل شەكلىدىكى پاللىداق دانىلارنى كۆرۈمىز. ئۇلار پاللىداپ تۇرغان كىرىستاللاردىن ئىبارەت. گرانىت كىرىستاللىرى تۆرلۈك رەڭدە چىرايلىق تۇسكە ئىگە: قىزىل گۈل رەڭلىك باكى كۆلرەڭ كەلگەن كىرىستاللار دالا تاش، پاللىداپ تۇرۇدىغان تۇم قارا رەڭدىكى كىرىستاللار سىلۇدا، يېرىم سۈزۈك ئەينەك ماددىلىرىغا ئوخشاش ئاق رەڭدە كەلگىنى كۋارتىس (چاقماق تاش) دەپ ئاتىلىدۇ.

گرانىت ناھايىتى قاتتىق تاش بولۇپ، ئوڭايلىقچە پارچىلانمايدۇ. ئەگەر گرانىتنىڭ كىچىك دانىچىلىرىنى پىچاق بىلەن ئاجراتماقچى بولساق، ئۇنى ئاجرىتىشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كورۈشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇ دانىچىلار بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى مۇستەھكەم بىرىكىپ كەتكەن.

قاتتىق گرانىت تاشلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا ئەڭ ياخشى ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، نەچچە قەۋەتلىك كوتەرمە بىنالارنىڭ ھۇلىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەككەملىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كوۋرۈكلەرگە ۋە يوللارغا ئىشلىتىلىدۇ. گۈزەل خاتىرە تاشلىرىمۇ شۇنىڭدىن ياسىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئاتاغلىق تاغلار، مەسىلەن:

شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى تەيشەن، لاۋشەن تاغلىرى؛ شەنشى ئۆلكىسىدىكى خۇاشەن تېغى؛ خۇنەن ئۆلكىسىدىكى خېڭشەن تېغى؛ ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خۇاڭشەن تېغى؛ جېجياڭ ئۆل-كىسىدىكى مۇگەنشەن تېغىغا ئوخشاش تاغلارنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى ئەنە شۇ گرانىت تاشلىرىدىن تۈزۈلگەن.

كىچىك دوستلار! تاغلارنى تەشكىل قىلىدىغان تاغ جىنىس-لىرى ئەملىيەتتە ژۇقۇرقىلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. لېكىن، سىلەرگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ھاجەتسىز. ھازىرچە تاغ جىنىسلىرى توغرىسىدا ژۇقۇرقى ساۋاتلارنى بىلىپ ئېلىشىڭىز ئوزىمۇ كىپايە قىلىدۇ.

## خېرىتىدىكى تاغلار

ۋەتىنىمىزدە ھېساپسىز چوڭ-كىچىك تاغلار بار.

ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئىي خېرىتىسىنى ئاچساق، ئۇلارنى چۇشۇ-نۇپ ئالالايمىز (خېرىتىدىكى مايسىرەڭ جايلار — تۈزلەڭلىك-لەرنى، بېغىرەڭ جايلار — تاغلارنى بىلدۈرىدۇ): خېرىتىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مايسىرەڭ بىلەن بويالغان جايلارنىڭ ئۈس-تىگە بېغىرەڭ بىلەن ئەگرى-بۈگرى سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن، بۇ سىزىقلار شۇ جايلاردا ئۇزۇنىغا سوزۇلۇپ ياتقان دوڭلۇك-لەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ چوققىسى ئانچە ئېگىز ئەمەس؛

لېكىن خېرتىنىڭ غەرپ تەرىپىگە تېخىمۇ كەڭ ئۇزۇنىغا كەتـكەن توق بېغىرەڭ سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن، بۇ سىزىقلار شۇ جايلاردىكى ئېگىز تاغلارنى كورسۇتۇدۇ. بۇ تاغلارنىڭ چوققىلىرى خۇددى مۇنارغا ئوخشاش چوخچۇيۇپ تۇرۇدۇ.

ئەنە شۇ بېغىرەڭلىك جايلار ئىچىدە خۇددى سازاڭ قۇرۇتىغا ئوخشاش ئۇزۇنىغا كەتكەن ئاق سىزىقلارنى ئۇچرىتىمىز، ئۇ ئالامەتلەر شۇ يەردىكى تاغلارنىڭ ناھايىتى ئېگىزلىگىنى كورسۇتۇدۇ، ئۇ تاغلار قىشىن-يېزىن خۇددى ئاق كېگىز بىلەن ئوراپ قويغاندەك ئاپپاق قار ئاستىدا ياتىدۇ.

ئادەتتىكى خېرتىلەردە كىشلەر تاغلارنى ئەگرى-بۈگرى سىزىقلار بىلەنلا ئىپادىلىشىدۇر(جۇڭگونىڭ مۇھىم تاغ تىزمىلىرى خېرتىسىگە قاراڭلار). لېكىن، سىلەر تاغلار ئەشۇنداق ئورۇنلاشقان ئوخشايدۇ، دەپ خاتا ئويلاپ قالماڭلار. ئەمەلىيەتتە خېرتىدىكى بىر سىزىق نۇرغۇنلىغان تاغ چوققىلىرىغا ۋە ھېساپسىز تىزىلىپ كەتكەن تاغ قاتارلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنى ئەمەلدە كورۇش ئۇچۇن نەچچە كۇنلەپ ھەتتا نەچچە ئون كۇنلەپ تاغ-داۋانلارنى ئېشىشقا توغرى كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 5. ئېگىز تاغلارنىڭ ھاۋارايى

## ئېگىز تاغنىڭ ھاۋاسى نېمە ئۈچۈن سوغۇق بولۇدۇ؟

تاغلارنى بېشىپ ماڭغانىسىرى تاغ ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلىغىنى ھېس قىلىمىز. نېمىشكە مۇنداق؟

بۇنىڭ سەۋەبى، ئېگىزلىكتىكى ھاۋانىڭ ھارارىتى يەر ئۈستىدىكىدىن پەس كېلىدۇ. ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە: يەر يۈزىدىن ھەر بىر مىڭ مېتىر ژۇقۇرىغا كوتۇرۇلگەنسىرى ھارارەت 6 گرادۇس پەسىيىپ بارىدۇ.

مۇنداق دېسەك، نۇرغۇن كىچىك دوستلارنىڭ قايمۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىزگە مەلۇم يەر شارى كۈن نۇرىدا ئىسسىيدۇ، ئۇنداق بولسا، تاغ قانچىلىك ئېگىز بولسا، كۈنگە شۇنچە يېقىن بولۇپ، شۇنچە ئىسسىق بولسا بولاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە، نېمە ئۈچۈن ئېگىز بولغانسىرى سوغۇق بولۇدۇ؟ بۇ ئەجەپ ئىشقۇ؟

توغرى، بۇ خۇددى ئەجەپلىنەرلىك ئىشتەك بىلىنىدۇ، لېكىن سىلەر بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ھېچ-

قانداق ئەجەپلەنمەيسلەر.

ئالدى بلەن شۇنى چۈشۈنۈۋېلش لازىمكى، كۈن نۇرى-
نىڭ ئىسسىقلىغى بلەن ھاۋانىڭ ھارارىتى ئۇمۇمەن بىر نەرسە
ئەمەس. يەرشارىنىڭ ئىسسىقلىق مەنبىي دەرۋەقە كۈن نۇرى.
لېكىن كۈن نۇرى بىۋاستە تەككەندە ئىسسىقلىقنىڭ ناھايىتى
ئازلىغىنى ھېس قىلىمىز. بىز ھېس قىلغان ئىسسىقلىق ئاساسەن
ۋاستىلىق، يەنى ھاۋا ئارقىلىق تارىلىپ كېلىدۇ.

يەرشارىغا چۈشكەن كۈن نۇرى ئالدى بلەن يەر ئۈستىنى
ئىسسىتىدۇ. لېكىن ھاۋا پەقەت كۈن نۇرى ئىسسىقلىغىنىڭ ناھا-
يىتى ئاز قىسمىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. يەر ئۈستى ئىسسىغاندىن كېيىن
يەرگە تۇتىشۇپ تۇرغان ھاۋامۇ بىللە ئىسسىشقا باشلايدۇ.

بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نىمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى،
ھاۋا گەرچە كۈندىن ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىسسىقلىق ئال-
سىمۇ، يەردىن كوپ مىقداردا ئىسسىقلىق ئالىدۇ. كۈن ئىس-
سىقلىقنى يەرگە بېرىدۇ، ئىسسىقلىق يەردىن ھاۋاغا تارقىلىدۇ.
شۇنىڭ بلەن ھاۋانىڭ ھارارىتىمۇ ئۆرلەشكە باشلايدۇ.

بىزگە مەلۇم، يەرگە يېقىنلاشقانسىرى ھاۋا بوشلىغىدىكى
ھاۋامۇ قويۇقلۇشىدۇ، يەر يۈزىدىكى ئىسسىقلىقنىمۇ بارغانسىرى
كوپرەك قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ بلەن ھاۋانىڭ ھارارىتى
بارغانسىرى ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇشكە باشلايدۇ. ھاۋا يەردىن



www.uyghurkitap.com

سىقلىق قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىسسىقلىقنىڭ تېز تارقىلىپ كەتمەسلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

لېكىن ئېگىز تاغ ئۈستىدە ئەھۋال باشقىچە. تاغ يەر ئۈستىدىن قانچە ئېگىز بولسا، ھاۋامۇ شۇنچە شالاڭ بولۇدۇ. بۇنداق ھاۋانىڭ يەردىن قوبۇل قىلىدىغان ئىسسىقلىغىمۇ شۇنچە ئاز بولۇدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاۋانىڭ شالاڭلىغىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىسسىقلىقمۇ تېز تاراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ-نىڭ ھاۋاسى يەر يۈزىدىكى ھاۋاغا قارىغاندا سالقىن كېلىدۇ.

تاغ قانچە ئېگىز بولغانسىرى ھاۋانىڭمۇ شۇنچە سوغۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

بۇ ئەھۋال بىلەن تونۇشقىنىمىزدىن كېيىن، ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ ھەر قاچان قار-مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرۇدىغانلىغىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

## رېلىف يامغۇرى

يازكۈنلىرى تاغدا تۇرغان ۋاختىلىرىمىزدا، سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان تاغ باغىرلىرىدا پات-پات لەرزان يامغۇر چۈشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبى، ھاۋادىكى سۇ ھورلىرى تاغ باغرىنى بويلاپ ژۇقۇرى چىقىدۇ، ئەنە شۇلار سوغۇق ھاۋاغا يولۇ-

www.uyghurkitap.com

قوۇپ يامغۇر بولۇپ چۈشۈدۇ.

بۇخىل يامغۇر «رېلىف (يەرئۈستى تۈزۈلۈشى) يامغۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يېقىن ئەتراپتىكى تاغ ئېتەكلىرىدە پات ـ پاتلا رېلىف يامغۇرى يېغىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ تاغلىق يەرلەردە، بۇ ئەھۋال كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبىلىك ساياھەتچىلەر يازكۈنلىرى تاغلارغا ساياھەتكە چىقسا، كېرەك بولىدىغان يامغۇرلۇق ئەسۋاپلىرىنى تەييارلىۋالىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلار كۆپۈنچە قاتتىق يامغۇردا قېلىپ جاپا تارتىدۇ.

لېكىن ھەممىلا تاغدا يامغۇر يېغىۋەمەيدۇ، قۇرغاق شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان تاغ باغىرلىرىدا يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى، نەم ھاۋا شامالغا ئۇدۇل (شامالغا قارشى) تەرەپتىكى تاغ باغىرلىرىدا ئوگايلا سوغۇق ھاۋاغا يولۇقۇدۇ ـ دە، ھاۋادىكى ھورلار يامغۇر بولۇپ چۈشۈشكە باشلايدۇ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكەندە ھاۋا قۇرغاقلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەرەپتە يامغۇر ئاز ياغىدۇ.

ۋەتىنىمىزدە كۆپ جايلاردا ئېگىز تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇنداق تاغلىق يەرلەردە رېلىف يامغۇرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

رېلىف يامغۇرى تولاراق تاغلارنىڭ بىر تەرىپىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاغلارنىڭ بۇ تەرىپىدە يامغۇر ياغسا، ئۇ

تەرپىدە بىر تال يامغۇر تامچىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن: چاگبەيشەن تېغى ۋە چىگلىڭ تېغىنىڭ جەنۇ-بىي ئېتىگى ياكى تەيخۇاڭشەن، ئۇيشەن تاغلىرىنىڭ شەرق تەرەپلىرىدىكى رايونلاردا ياز كۈنلىرى پات - پاتـلا يامغۇر يېغىپ تۇرىدۇ، ئەمما تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى رايونلاردا بولسا هاۋا قۇرغاق بولۇپ، ھېمىشە كۈن ېچىلىپ تۇرىدۇ.

ئاسمان پەلەك ھىمالايا تاغلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ تىبەت را-يونى بىلەن ھىندىستان چېگرىسىغا جايلاشقان. تاغنىڭ جە-نۇبىدىكى ھىندىستاننى يازكۈنلىرى قاپ - قارا بۇلۇت قاپلاپ تۇرىدۇ، ئۇيەردە كۈندە دېگىدەك يامغۇر ياغىدۇ، ئەمدى شىمالىي قىسمىدىكى تىبەتتە بولسا، كۈن دائىم دېگىدەك ئۇچۇق تۇرىدۇ. بۇلۇتنىڭ دىدارىنىمۇ كورگىلى بولمايدۇ.

يامغۇر بەك ئاز ياغىدىغان جايلاردا زىرائەتلەر يېتەر-لىك دەرىجىدە سۇغا قانمىغانلىقتىن ياخشى ئۆسەلمەي ژىگ-لەپ قالىدۇ. تۇپىدا نەم ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن يەرقاغجىراپ يېرىلىپ، ناھايىتى كورۇمسىز بولۇپ قالىدۇ. لېكىن يامغۇرنىڭ بەك كوپ يېغىشىمۇ بىر خىل ئاپەت بولۇپ، تاشقىن-لارنى پەيدا قىلىدۇ. تاشقىن سۇلىرى يول ۋە كوۋرۈكلەر-نى، ئوي - ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىدۇ، دەل - دەرەخلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ ئىنسانلارغا زور پالاكەت

كەلتۇرۇدۇ.

لېكىن بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلار تەبەتنىڭ ئۇ خىل تەڭسىزلىگىنى بويسۇندۇرۇشقا ئامال تېپىشتى. يامغۇر ئاز ياغىدىغان يەرلەردە بىرىق - ئوستەڭلەرنى قېزىپ تاغ سۇلىرى بىلەن بېتىز - ئېرىقلىرىنى سۇغۇرۇپ كەلدى. زىرائەتلەر سۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىش بىلەن ھۇزۇرلۇنۇپ جانلىق ۋە چىرايلىق ئوسۇدىغان بولدى.

تاغلىق جايلاردىكى دىخانلارمۇ تاشقىندىن ساقلىنىش چارىلىرىنى ئاللىقاچان ئويلاپ تېپىشتى. ئۇلار تاشقىن ئوتۇدىغان ئورۇنلارغا تاشتىن نورغۇن قاشلارنى ياساپ، تاشقىندىن كېلىدىغان ۋەيرانچىلىقلارنى ئازايتتى.

ھازىر ۋەتىنىمىزدە، تاغ رايونلىرىغا يېقىن نورغۇن جايلاردا، كوپ ساندا زور سۇ ئامبارلىرى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن تاشقىن سۇلارنى توساپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئوزىمىزگە باش ئەگدۇردۇك، ھازىر تاشقىن سۇلار توك بېرىپ ئىنسانلارغا پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ياردەملەشمەكتە.

## ئېگىز تاغلاردىكى مۇز دەريالار

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي - شىمالىدا ئۇزۇتىغا سوزۇلغان بىر-بىرىگە تۇتاش نورغۇن تاغلار بار. ئۇ تاغلارنىڭ ئۇستى قاتمۇ-

قات قېلىن قارلار بىلەن قاپلانغان.

بۇ قارلار يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىمۇ ئېرىمەيدۇ. ئوتكۈر كۈن نۇرى ئەنە شۇ ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان قارلارغا چۈشكەندە ئۇنىڭدىن چىققان نۇر كوزنى قاماشتۇرۇپ، ئاچقىلى قويمايدۇ.

تاغ قانچە ئېگىز بولسا، هاۋانىڭمۇ شۇنچە سوغۇق بولـۇدىغانلىغى بىزگە مەلۇم. شۇ سەۋەپتىن 6 ـ 7 مىڭ مېتر ئېگىزـلىكتىكى تاغلاردا يازكۈنلىرىمۇ گرادوس نولدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.



مۇزدەرياسى.

مۇنداق سوغۇق هاۋادا يامغۇر ئانچە كوپ ياغمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇنداق يەرلەردە يالتىراپ تۇرغان مولدۇر ياغىدۇ، ياكى شاپىلاقتەك ـ شاپىلاقتەك قار ياغىدۇ.

مەڭگۇ ئېرىمەيدىغان قار دۆـۋىلىرى تاغ ئۈستىدە ئۈستىـئۈستىگە بىسىلىۋېرىدۇ. بىسىم كۈچى ئاستىدا ئاستىنقى قاتـلامدىكى قارلار ئوز ـ ئارا زىچ بىرىكىپ قاتتىق جىسىملىق مۇز

قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئەنە شۇ مۇز قاتلاملىرى دەرياغا ئوخشاش تاغ يامىزىللىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ئاستا - ئاستا سىرىلىپ چۈشىدۇ. ئەنە شۇ مۇزلار «مۇزدەريا-سى» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇزدەريالارنىڭ كۆچۈشى تولىمۇ ئاستا بولىدۇ. ئادەتتە سۇتكىسىغا ئاران بىر مېتىر سىلجىيالايدۇ. گايىبىر مۇز دەريالار 10 ژىل ئاقسىمۇ مىڭ مېتىر ئاقالمايدۇ، ئۇنىڭ سۈرئىتى ئەڭ ئاستا ھەركەتلىنىدىغان قولۇلىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئاستا بولىدۇ.

مۇز دەريالار تاغ باغرىدىن ئاستىلاپ تۆۋەنگە سىرىلىپ چۈشۈشكە باشلىغاندا! قاتتىق مۇز قاتلاملىرى تاغدىكى خادا تاشلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۆز يولىدىكى تاغ گىرۋەكلىرىنى يالاپ كېتىدۇ. تاغ چوققىلىرىنى تەكشىلەپ قويىدۇ. بۇزۇپ تاشلىغان تاش پارچىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە تاغ باغرىغا ئېبىلىپ چۈشىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ۋە ئىككى قۇتۇپقا ئۇتاش جايلاردىكى مۇز دەريالارنىڭ ھەممىسى دېڭىز - ئوكيانلارغا قويۇلىدۇ. بۇ مۇز دەريالار چوڭ - چوڭ مۇز پارچىلىرىغا ئايرىلىپ ھەيۋەت بىلەن دېڭىز - ئوكيانلارغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ ژۈرگەن مۇز تاغلارنى

ھاسىل قىلىدۇ.

گايسىبىر مۇز تاغلار 1 ـ 2 يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇدۇ. بۇلار خۇددى دېڭىزدىكى كىچىك ئارالىلارغا ئوخشايدۇ. لېكىن شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىمكى، مۇز تاغلارنىڭ



مۇزتاغلىرى.

دېڭىز ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىگى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىگىنىڭ 7 ـ 8 دىن بىر قىسمىغىلا تەڭ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دېڭىز ئاستىغا چوكۇپ تۇرغان قىسمىـ نىڭ قانداق بىر ئەجەپلىنەرلىك قىياپەتتە ئىكەنلىگىنى ھېچـ كىم بىلمەيدۇ.

بۇنداق زور مۇز تاغلار دېڭىز ئېقىمىغا ۋە شامالغا قاراپ

ھەرياقلاردا لەيلەپ ژۈرۈيدۇ، دېڭىز ئۈستىدىكى قاتناش ئىش-
لىرىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇدۇ. ئەگەر پاروخوتلار ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ
كەتسە، تۇخۇم تاشقا تەگسە ماكچىيىپ كەتكەندەك پەچەخ
- پەچەخ بولۇپ كېتىش خەۋپى بولۇدۇ.

1912 - ژىلى شىمالىي ئامېرىكىغا يېقىن دېڭىزدە ئەنگلى-
يىنىڭ «تىتانىك» ناملىق بىر زور پاروخودى ئەنە شۇنداق
مۇز تاغلاردىن بىرىگە ئۇرۇلۇپ كېتىپ غەرق بولۇپ كەتكەن.
ئۇ پاروخود مۇز تاققا سوقۇلغاندا شۇنداق پارچىلانغانكى، ئوتقا
سالغان تۇزدەك چاچراپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ
بىلەن نەچچە مىڭلىغان يولوۋچى سۇدا غەرق بولغان.

لېكىن مەملىكىتىمىزدىكى مۇز دەريالار ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ مۇز دەريالىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇغ-
لۇقتا ئاقىدۇ. ئۇلار تاغلارنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەندە، ھارا-
رەت ئۆرلىگەنلىكتىن ئېرىشكە باشلايدۇ، تاغ ئېتەگگە چۈش-
كىچە سۈپ - سۈزۈك ئېقىن سۇلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئېقىن
سۇلار يە دەريالارغا قوشۇلۇپ ھەر تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ،
يە بولمىسا، تاغ ئۈستىدىن توپ - توغرى قۇملۇق چۆللەرگە
ئېقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇملۇق جايلار، سۇغۇرۇ-
لۇپ گۈزەل چىمەنزارلىققا ئايلىنىدۇ.

قۇملۇق جايلاردىكى كىشىلەر سۇنى ھەممە نەرسىدىن

بىزنز كورۇشۇدۇ. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاختلىرىدا تاغ ئۇسـ
تىدىكى ئاپپاق قارلارغا كوز تىكىپ، ئۇنىڭ پاتراق ئېرىپ
ئېقىپ چۇشۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۇنكى زىرائەتلەر سۇ
بىلەن ياشىرىدۇ، سۇ بىلەن كوكۇرۇدۇ، سۇ بىلەن ئاينىيدۇ.
بۇگۇنكى كۇندە، سوۋېت ئالىملىرى قارلارنى سۇنئىي يول
بىلەن ئېرىتىش ئۇسۇلىنى تاپتى. ئۇلار قار بىلەن قاپلانغان
تىيانشان تېغىنىڭ ئۇستىگە كومۇر ئۇۋاقلىرىنى سېپىپ تاشـ
لايدۇ، كومۇر ئۇۋاقلىرى كۇن نۇرىنىڭ ئىسسىقلىغىنى ئوزىـ
گە تارتىپ تېزلىك بىلەن ئىسسىقلىق بېرىدۇ، قارلارنى ئېرىـ
تىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە تاغدىكى قار سۇلىرى ئېرىپ ئىنـ
سانلارغا ئوز ۋاختىدا خىزمەت قىلىدۇ.

## 6. تاغلار قانداق يېمىرىلىدۇ؟

كىچىك دوستلار! سىلەر، تاغنىڭ يېمىرىلىشىگە ئىشىنەمسىلەر؟
مېنىڭچە، ھېچقايسىڭلار ئىشەنمەيسىلەر.
توغرى، ھېلىغۇ سىلەر، چوڭ كىشىلەرنىڭمۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمـ
كىن. تاغ شۇنداق چوڭ، شۇنداق مۇستەھكەم ۋە تېچ كورۇنۇدـ
كى، ئادەم باللىرى ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئوزگورۇش سەزمەيدۇ.
لېكىن، ئەمەلىيەتتە، پۇتۇنلەي ئۇنداق ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

يەرشاردىكى بارلىق تاغلار، مەيلى ئۇ قانچىلىك چوڭ، قانچىلىك پۇختا بولسۇن، قەتئىي ھەركەتسىز تۇرمايدۇ، بەلكى داۋاملىق يېمىرىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق يېمىرىلىش ھەركىتى تا ئۇ يېمىرىلىپ تۈگۈگىچە توختىمايدۇ.

يەرشارىدىكى تاغلارنىڭ ھەممىگە بىردەك تەقدىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئەنە شۇنداق ئېگىز ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى بارا-بارا پەسىيىپ ئېگىز-پەس دوڭ-ئېدىرلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرى ئۇ دوڭ-ئېدىرلارمۇ بارا-بارا ئاز-ئازدىن پەسىيىپ كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇنداق بولسا، زادى قانداق كۈچ تاغلارنى يېمىرىپ تاشلايدۇ؟

بۇ توغرۇلۇق سوز ئاچساق، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. تاغلارنى يېمىرىش ئىشىنى پەقەت بىز دائىم يولۇقۇپ ۋە ھىس قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئىشلەيدۇ. بۇ نەرسىلەر ھارارەت، ھاۋا، سۇ، شامال، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردىن ئىبارەت.

## ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقمۇ تاغلارنى بۇزىدۇ

كۈندۈزى كۈن نۇرى تاغلاردىكى خادا تاشلارنى ناھا-

يېتى قىزىتىۋېتىدۇ. شۇ قىزىقلىق نېتىجىسىدە خادا تاشلار كۆپىشۈپ قالىدۇ.

كېچىسى كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ھاۋا سالقىنداپ، خادا تاشلار چاپسان مۇزلايدۇ، بۇنىڭ نېتىجىسىدە يەنە تارىيىدۇ.

نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

سىلەر جىسىملارنىڭ ئىسسىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقتىن تارىيىدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشۇپ ئوتكەن بولۇشۇڭلار كېرەك.



خادا تاشلارنىڭ يېمىرىلىش جەريانى

قاتتىق خادا تاشلار ھەركۈنى دېگىدەك ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقتىن تارىيىۋەرگەنلىكتىن ئۇنىڭدا دەز پەيدا بولىدۇ. دەسلەپتە دەزلەر كوز بىلەن كورۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك بولىدۇ، كېيىنچە كۈنلەرنىڭ ئوتۇشى بىلەن بۇ دەزلەر چوڭقۇيۇپ ۋە چوڭقۇرلۇشۇپ زور يېرىقلارغا ئايلىنىدۇ.

قاتار-قاتار كەتكەن يېرىقلار بىر-بىرىگە تۇتۇشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، بىر ۋاختلاردا قاتتىق بولغان خادا تاشلار ئۇۋۇـ

نىڭ قاتتىقلىقىنى يوقۇتۇپ، بارغانسېرى بۇزۇلۇپ بارىدۇ. نەتىجىدە خادا تاش قاتلاملىرىدىن پارچە-پارچە تاش قاتلاملىرى ئاجرىلىپ چىقىپ غۇلاپ چۈشۈشكە باشلايدۇ.

تاغدىكى خادا تاش قاتلاملىرى بولسۇن ۋە يەرگە غۇلاپ چۈشكەن تاشلار بولسۇن ئوخشاشلا ھەر كۈنى دېگىدەك ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ سوغۇقتىن تارىيىپ تۇرغانلىقتىن ئۇلاردىمۇ ئارقىمۇ-ئارقا يېڭى يېرىقلار پەيدا بولىۋېرىدۇ. شۇڭا تاشلار تاغلاردىن داۋاملىق غۇلاپ چۈشۈۋېرىدۇ. نەتىجىدە چوڭ قورام تاشلار كىچىك تاشلارغا، كىچىك تاشلار تاش پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، تاش پارچىلىرى بولسا، قۇم دانىچلىرىغا باكى دۇۋە-دۇۋە سېغىز توپىلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

خادا تاشلارنىڭ بۇنداق بۇزۇلۇشى خادا تاشلارنىڭ يېمىرىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

تاغلار ئىسسىق-سوغۇق تەسىرىدە ئەنە شۇنداق بۇزۇلىدۇ.

كىچىك دوستلار! بۇ ئەھۋالغا بىر ئاز ئىشەنگىلار كەلمىسە، مۇنداق بىر ئاددىي تەجرىبە قىلىپ كۆرەيلى:

**بىر** پارچە گرانىتنى ئوتقا سېلىپ قىزىتىڭلار، قىزىغاندىن كېيىن سۇغا سېلىڭلار، سۇدىن ئېلىپ يەنە ئوتقا سېلىڭلار، شۇنداق بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ قاراڭلار، ھېلىقى گرانىت تېشىنىڭ قوناق نانىدەك يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى



www.uyghurkitap.com

كورۇسلەر. كېيىن ئۇ پارچە - پارچە بولۇپ ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.
تاغلار ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ تەسىرىدە ئەنە شۇنداق داۋاملىق بۇزۇلۇپ، يېمىرىلىپ كەلمەكتە، ھەتتا پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمەكتە.

## ھاۋامۇ تاغلارنى بۇزۇدۇ

ھاۋامۇ تاغلارنىڭ دۈشمىنى.
بىزگە مەلۇم، ھاۋا كوز بىلەن كورگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان، تەمسىز، رەڭسىز نەرسە. كىچىك دوستلار، سىلەر، «ھاۋا قايسى كۈچى بىلەن تاغلارنى بۇزۇدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشۇڭلار مۇمكىن. لېكىن ھاۋا ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور بۇزغۇنچۇلۇق كۈچىگە ئىگە. ئۇنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن چۈشۈنۈش مۇمكىن. پىچاق نىمىشكە داتلىشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر تەبىئەت دەرسىدە ئوگەنگەن



خادا تاشلارنىڭ بۇزۇلۇشى

بىلمەلەرنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭلار، بۇنىڭغا: «ھاۋا بىلەن
تومۇرنىڭ ئوكسىتلىنىشى» دەپ جاۋاپ بېرەلەيسىلەر.
بۇ جاۋاپ تامامەن توغرى. ھاۋا ئەنە شۇنداق بىلىنەر-بىـ
لىنمەستىن خادا تاشلاردا دائىم ئوكسىتلىنىش پەيدا قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن يەر يۇزىدىكى بارلىق تاغلارنى داۋاملىق
بۇزۇپ تۇرىدۇ.
بىر ماشىنىنى ئىشلەتمەي ئوچۇقچۇلۇقتا تاشلاپ قويساق،
ئۇ ماشىنا بىر نەچچە ژىلغا بارماي داتلىشىپ باشقىچە بىر
تۇسكە كىرىپ قالىدۇ، داتلاشقان تومۇر قىرىندىلار توزغاقتا
ئوخشاش سويۇلۇپ چۈشىدۇ. تاغ جىنسلىرىمۇ خۇددى شۇنـ
داق، تاغلار ئون ژىللاپ، يۇز ژىللاپ، مىڭ ژىللاپ...داۋامـ
لىق ھالدا ھاۋا بىلەن ئوكسىتلىنىشۋېرىپ، تىنىماي ئۇگۇلۇپ
تۇرىدۇ، توپا ـ توزانلارغا ئايلىنىدۇ، مۇنداق توپا ـ توزانـ
لارنى سۇلار ئېقىتىپ كېتىدۇ، بوران ـ شامالـلار ئۇچۇرۇپ
كېتىدۇ.

## سۇ تاغلارنى تېخىمۇ يامانراق بۇزىدۇ

سۇنىڭ تاغلارنى بۇزۇشى تېخىمۇ يامان.
بىزگە مەلۇم، سۇ ھەرقانداق يېرىقتىمۇ كىرىپ كېتىدۇ.
بۇلۇتتىن ئاجراپ چۈشكەن يامغۇر سۇلىرى تاغ باغرىغا چۈشـ

كەندە خادا تاش قاتلاملىرىدا بولغان يېرىقلارغا كىرىپ كې-
تىدۇ. بۇ سۇلار ئۆز يولىدىكى تاش ئۇۋاقلىرىنى ھەم مىنېرال
ماددىلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ قاتتىق قىيا
تاشلار بوشۇشۇپ، ئوڭايلا يېمىرىلىپ كېتىدۇ.

تەبىەت دەرسىدە ئوگۇنۇپ ئوتكىنىمىزدەك، سۇ قاتتىق
جىسىمغا (مۇزغا) ئايلانغاندا كېڭىيىدۇ. قىشلىقى شىشىگە سۇ
تولدۇرۇپ قويۇلسا، ئۇ توڭلىغاندا شىشىنى يېرىپ تاشلايدۇ،
مۇز ھەتتا مۇستەھكەم تومۇر نولارنىمۇ يېرىپ تاشلايدۇ.

ئويلاپ باقايلى، سۇنىڭ بۇزۇش كۇچى شۇنداق زور
ئىكەن. ئەمدى تاشلارنىڭ يېرىقلىرىغا كىرىۋالغان سۇلار
قاتتىق مۇزغا ئايلانغاندا تاشلارنى ۋەيران قىلىشتىن قانداق
قىلىپ تارتىنىپ قالسۇن!

تاغنىڭ تىك يانباغرىنى بويلاپ دەھشەت بىلەن ئېقىپ
چۇشكەن سۇلار ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلۇق كۇچىگە ئىگە.
تاغدىن بېقىپ چۇشكەن سۇلار يەرنى ئويۇپ تاغ باغرىدا
ھېساپسىز كىچىك جىرالارنى ھاسىل قىلىدۇ. كېيىنچە جىرا-
لار پەيدىن - پەي يوغۇناپ چوڭ جىرالارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.
بۇ چوڭ جىرالار بارا - بارا چوڭ سايلارغا ئايلىنىدۇ. سۇساي-
لاردا دەھشەت بىلەن شارىلداپ ئۇزۇپ، سوقۇپ بېقىۋېرىپ
بېقىن يولىنى بارغانسىرى چوڭقۇرلاشتۇرۇدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ...

تاغ قانچىلىك ئېگىز ۋە خادا تاش قاتلاملىرى قانچى-
لىك قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن قۇدرەتلىك ئېقىن سۇلار ئۇنى
كېسىپ ئۆتۈپ تارام-تارام ئېقىنلارغا بولۇپ تاشلايدۇ.
تاغ قاپتاللىرىنى خۇددى تىلغاندەك پارچە-پارچە تىلىپ
تاشلايدۇ، ئېگىز تاغلار ئاستا-ئاستا يېمىرىلىشكە باشلايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن كەڭ ۋادىلار
ۋە ئويمانلىقلار ھاسىل بولۇدۇ.

ئېقىن سۇلارنىڭ تاغلارنى بۇزۇش كۈچىنى تاغلارنى كې-
سىپ يول ياساشنىڭ قانچىلىك زورۇر كۈچ تەلەپ قىلىدىغان-
لىغى ۋە مۇشەققەتلىكىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرسەڭلەرلا
چۈشۈنۈۋېلىشىڭلار مۇمكىن.



ئېقىن سۇلار تىلىپ تاشلىغان تاغ ئېقىنلىرى.

لېكىن سۇنىڭ تاغلارنى يېمىرىش ئىشى بۇنىڭ بىلەنلا



www.uyghurkitap.com

چەكلىنىپ قالمايدۇ:
سۇ، تاغنىڭ تاشقى تەرىپىدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئوچە كىشىپ
قالماي، بەلكى ئۇ، تاغلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرىپ تۇي-
دۇرماستىن بۇزۇش ئىشىنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ.
تاقما چۇشكەن يامغۇرلار، بىر تەرەپتىن، تاغ باغىرلىرىنى
چوڭقۇر هاڭ ۋە ئېقىنلارغا ئايلاندۇرۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىل-
لە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوڭاي چىرىيدىغان يەرقاتلاملىرىغا
(مەسىلەن، ئاهاك تاشلىرى ئوخشاشلارغا) يولۇققاندا يەرئاس-
تىغا ئوتۇپ يەرئاستى سۇلىرىنى هاسىل قىلىدۇ.
يەر ئاستى سۇلىرى تاغ ئاستىدىكى خادا تاش قاتلام-
لىرىدا هەر تەرەپكە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ ئويۇش ئىشىنى
ئېلىپ بارىدۇ، كۇنلەرنىڭ ئوتۇشى بىلەن تاغلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدا هەرخىل-ئۇزۇن غارلار ۋە يەر ئاستى سۇ
يوللىرى هاسىل بولۇدۇ.
تەبىكى، غارلارنىڭ هاسىل بولۇشى بىلەن تاغدىكى
خادا تاش قاتلاملىرى ئوزلىرىدىكى مۇستەهكەملىكىنى ساقلاپ
قالالمايدۇ. يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇشى ئارقى-
سىدا، غارلار بارغانسىرى كېڭىيىپ بارىدۇ. ئاخىرى ئۇستى-
دىكى بىسىمنىڭ ئېغىرلىغىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئورۇلۇپ
چۇشۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇتۇن بىر تاغ غۇلاپ چۇشۇدۇ.

بەزى تاغ باغىرلىرىدا تاغلارنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىگىنى ئۇچرۇتىمىز. بەزى زور قورام تاشلارمۇ ئۆزىچىلا تاغدىن ژۇمۇلاپ چۈشۈپ قورقۇنۇشلۇق ئاۋازلارنى پەيدا قىلىدۇ.

تاغلاردا نىمىشكە شۇنداق غۇلاپ چۈشۈش ھادىسىسى پەيدا بولۇدۇ؟

بۇمۇ، ئەسلىدە، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ كاساپىتى. چۈنكى، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تاغ باغرى ئاستىدىكى يەر قاتلىمىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك كولىشى ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خادا تاش قاتلاملىرى كوۋاكلىشىپ كېتىپ، ئۈستىدىكى تاش قاتلاملىرىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاستىنقى قاتلامدىكى خادا تاشلار يېمىرىلىپ غۇلاپ چۈشۈدۇ.

## شامالنىڭ ئىشى

شامالمۇ تاغلارنىڭ ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىرىدىن بىرى. شامالنى سىلىق، ھېچقانچە كۈچى يوق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ غەزىۋى كەلگەندە، ئادەملەرنىمۇ، ئۆي-ۋارانلەرنىمۇ ۋە بارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ. بۇنداق قاتتىق بورانلارنىڭ كەلتۈرگەن پالاكەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن:

1860 ـ ژىلى فرانسىيىدە بىر قېتىم قاتتىق بوران ئاپتى بولۇپ، ئىككى قاتار پويىزدنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

1703 ـ ژىلى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەردە قاتتىق بوران چىقىپ 250 مىڭ تۈپكە يېقىن دەرەخنى ژىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىغان، بۇندىن باشقا بىرەر مىڭچە ئوي ۋە ئىبادەتخانىلارنى ۋەيران قىلغان، 400 كېمىنى قىرغاقلارغا ئۇرۇپ پەچەخلەپ تاشلىغان، نەچچە مىڭئادەم ئۆلگەنۋە مېيىپ بولغان.

ئامېرىكىدا دائىم قۇيۇنلۇق قارا بوران چىقىپ تۇرۇدۇ. بۇنداق قارا بوران نەچچە مىللىون توننا توپىنى زىرائەتلىرى بىلەن قوشۇپ ھېچنىمە قالدۇرماي ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ.


بوران يالاپ كەتكەن خادا تاشلار.

ئېگىز تاغلاردا ۋە قۇملۇق جايلاردا دائىم دەھشەتلىك بورانلار چىقىپ تۇرۇدۇ. بۇنداق بورانلار تاغلاردىكى خادا تاشلارغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلۇدۇ. شۇنداق ئۇرۇلۇۋېرىش نەتىجىسىدە قاتتىق خادا تاش قاتلاملىرى

ئاستا ـ ئاستا بۇزۇلۇپ، يىمىرىلىشكە باشلايدۇ.

قاتتىق بوران قۇم ۋە تاشلارنى قارا قويۇق ئۇچۇرۇپ ماڭغاندا، ئۇ تىخىمۇ ئەشەددىي ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. بوران قۇم ۋە تاشلارنى ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ ئۆز يولىدىكى خادا تاشلارغا ئۇرىدۇ، بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خادا تاشلارنىڭ ئۈستى سىلىقلىشىدۇ ياكى ھەرە كونەلگىنىدەك ئوتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كېتىدۇ.

قۇملۇق ئەتراپىدىكى تاغلىق يەرلەردە نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ تاشلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشاپ كەتسە، بەزىلىرى خۇددى ياش بامبۇكقا، موگۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بوراننىڭ خادا تاشلارغا كۆرسەتكەن كارامىتىدۇر.

شامال تاغنىڭ دائىملىق دۈشمىنى. ئۇ ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاغلارنى ئاستا ـ ئاستا تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئېگىز تاغلار ئورنىدا ھازىر پەقەت ياپلاق تاغلار ۋە تۆپىلىكلەر قالغان. ۋەھالەنكى، بۇ ياپلاق تاغ ۋە تۆپىلىكلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقاپ بارماقتا.

## ئۇسۇملۇكلەر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ تاغلارنى بۇزۇشى

كىچىك دوستلار، ئۇسۇملۇكلەر بىلەن ھايۋاناتلار تاغ ـ



www.uyghurkitap.com

لارنى قانداق بۇزالايدۇ؟ــدەپ سورۇشۇڭلار مۇمكىن.

قاراڭلار! ئۇسۇملۇك ۋە هايۋاناتلارمۇ بۇزۇش ئىشىنى ناهايىتى كوپ ئۇسۇللار بىلەن ئورۇنلاپ تۇرۇدۇ.

خادا تاش قاتلاملىرىغا كوز سالساق، خادا تاش يېرىقلىرى ئارىسىدىن هەرخىل دەرەخلەرنىڭ ئۇنۇپ چىققانلىقىنى كورۇمىز. ئەنە شۇ دەرەخلەرنىڭ ژىلتىزلىرى تاشلارنىڭ يېرىقلىرىغا قاراپ مەهكەم كىرىشكە باشلايدۇ. ژىلتىزلار سۇ ئىچىش ۋە ئوزۇقلۇنۇش ئۇچۇن خادا تاش يۇچۇقلىرىدىن توۋەنگە قاراپ كۈچىنىڭ بېرىچە تەرەققى قىلىدۇ. ژىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن دەرەخلەرنىڭ ژىلتىزلىرى يوغۇنايدۇ. ئۇلار خۇددى قاققان قوزۇقتەك تاش ئارىلىقلىرىدىن بارغانسىرى چوڭقۇر كىرىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خادا تاش يېرىقلىرى كېڭىيىپ خادا تاشلار پارە-پارە بولۇپ، يېمىرىلىپ كېتىدۇ.

ئاددىيسى، خادا تاشلارنى قىياقلار، چىملار ۋە تاش چېچەكلىرى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناهايىتى سىنچىكە ژىلتىزلىرى كېسلاتا چىقىرىپ تاشلارنى ۋەيران قىلىپ تۇرۇدۇ.

ئالىملار ئەنە شۇ ئوسۇملۇكلەر بىلەن تەجرىبە قىلىپ كورگەن. ئولار بىر پارچە خادا تاشنى سىلىغداپ ئۇنىڭ ئۇس‌ـ

تىگە تاش چېچەكلىرىنى تېرىپ قويۇشقان بىر نەچچە ئاي-
لاردىن كېيىن تاش
چېچەكلىرىنى ژۇلۇۋې-
لىپ قارىسا، سىپ -
سىلىق تاش ئۈستىنى
قاتار - قاتار ئىنچىكە
سىزىقلار قاپلاپ كەت-
كەن. مانا بۇ تاش چې-
چەكلىرىنىڭ ژىلتىز-
لىرى قىلغان ئىش بولماي كىمنىڭ ئىشى؟.



دەرەخ ژىلتىزلىرى بۇزغان خادا تاشلار.

ئۇسۇملۇكلەر خادا تاشلارنى بۇزۇش ئىشىنى ياشىرىپ تۇرغان ۋاختىدىلا ئورۇنلاپ قالماستىن، بەلكى بۇ ئىشنى قۇرۇپ قالغان ۋە چىرىگەن توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن چاغلىرى-دىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئوسۇملۇكلەر، جۇملىدىن ھايۋاناتلارمۇ چىرىگەندىن كېيىن مۇنبەت توپىغا ئايلىنىدۇ، ئەنە شۇ توپى-لاردا كوپ مىقداردا چىرىتمە ماددىلار بولىدۇ. بۇنداق چىرىتمە ماددىلاردا سان - ساناقسىز مىكروئورگانىزملار ياشاي-دۇ. ئەنە شۇ ئۇششاق نەرسىلەرمۇ خىلمۇ - خىل كىسلاتا چىقىرىپ خادا تاشلارنى بۇزىدۇ.

## تاغلار ئەنە شۇنداق يېمىرىلىدۇ

سىسسىقلىق، ھاۋا، سۇ، شامال ۋە بۇندىن باشقا ئۇسۇملۇكلەر بىلەن ھايۋاناتلارمۇ ئاگسىز رەۋىشتە تاغلارنى بۇزۇش ئىشىنى ئورۇنلاپ تۇرۇۋدۇ، شۇنداق قىلىپ ئېگىز ـ ئېگىز تاغلارنى ئاستا ـ ئاستا يەر يۈزىدىن يوقۇتۇدۇ.

ئەلۋەتتە، تاغلارنىڭ يېمىرلىش جەريانى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. ئۇ، ئاز دېگەندە يۈز مىڭلاپ، مىللىونلاپ ۋە ئون مىللىونلاپ ژىلنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كوپرەك ۋاختىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن بىز تاغلارنىڭ يېمىرلىشىنى كورەلمەيمىز. لېكىن تاغدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئوبدان سەپ ـ سېلىپ قارىساق، بەزى تاغلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىق ئالامەتلىرىنى كورۇمىز.

ھەممە تاغ قاتلاملىرىدا دېگىدەك چوڭ ـ كىچىك يېرىقلارنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ يېرىقلاردىن سۇ تامچىلاپ تۇرغانلىقىنى كورۇمىز؛ ئەگەر قىش ـ زىمىستان كۇنلىرىدە بولسا، ئەنە شۇ يېرىقلاردا يالتىراپ تۇرغان مۇز نوكچىلىرى بىلەن مۇز پارچىلىرىنى كورۇشىمىز مۇمكىن.

ئەنە شۇ يۇچۇقلاردا دائىم نۇرغۇن ئۇششاش دەرەخلەر،

قىياق ۋە تاش چېچەكلىرى ئۆسىدۇ. بولارنىڭ ژىلتىزلىرى قىيا تاش يوچۇقلىرىغا مەھكەم ئورۇنلاشقان.

تاغ باغرىلىرىدا تاغدىن ژۇمۇلاپ چۈشكەن چوڭ-كىچىك تاشلارنى دائىم ئۇچرىتىمىز. بۇ چوڭ تاشلارنىڭ ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تاش پارچىلىرىنى ۋە شېغىللارنى ئۇچرىتىمىز.

قارا يامغۇردىن كېيىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قىيان سۇلار تاغدىن چوڭ-چوڭ تاشلارنى ۋە قۇم شېغىللارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ چۈشىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تۇيۇقسىزدىن تاغلار يىمىرىلىپ يەر يېرىلىش بىلەن پەيدا بولغان قورقۇنۇشلۇق ئاۋازلارنى ئاڭلايمىز. بۇ بولسىمۇ بىز ژۇقۇردا تونۇشۇپ ئۆتكەندەك يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تاغلارغا نىسبەتەن كۆرسەتكەن كارامىتىدۇر.

شامالنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى ھەر جايدا كۆرۈش مۇمكىن. بىز شامالنىڭ تاغ ئۈستىدىكى قۇم-توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ھاۋانى بۇلغاپ تاشلايدىغانلىغىنى كۆرىمىز. شامال، بورانلار تاغ ئۈستىدىكى قۇم-توپىلارنى ئاللىقاچان ئۇزاق جايلارغا ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، يالىڭاق تاغ چوققىلىرى ياكى تاغ باغرىلىرى خۇددى يالاپ قويغاندەك پارقىراپ كېتىدۇ، چوڭ-چوڭ تاشلار چوخچىيىپ چىقىپ قالىدۇ.

ئەمدى ھاۋانىڭ بۇزغۇنچۇلۇق كۈچىگە كەلسەك ، ئۇنى كورۇش مۇمكىن ئەمەس . لېكىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى : يەر يۈزىدە ھەممىلا يەردە ھاۋا بار . گەرچە ئۇ بۇزۇش ئىشىنى تۇيدۇرماي ئاستا ئورۇنلاپ بارسىمۇ ، لېكىن ئۇ ، زور بۇزغۇنچۇلۇق كۈچىگە ئىگە .

تەبىئەتنىڭ بۇزۇش كۈچلىرى ئەنە شۇنداق ئوز - ئارا بىرلىشىپ تاغلارنى بۇزۇدۇ .

بىز تاغلارنىڭ خىلمۇ - خىل تاغ جىنسلىرىدىن تەركىپ تاپقانلىقى بىلەن تونۇشۇپ ئوتتۇق . بىزگە مەلۇم بەزى تاغ جىنسلىرى قاتتىق كەلسە ، بەزىلىرى ، ئۇنىڭ ئەكسىنچە ، بوش كېلىدۇ .

ئاجىز - بوش نەرسىلەر ئادەتتە ئوڭاي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ، بۇ ، تاغلار ئۇچۇنمۇ ئوخشاش . مەسىلەن ، ھارارەت ، ھاۋا ، شامال تەسىرى ئاستىدا ئوڭاي يېمىرىلىدىغان قۇم - تاش بىلەن ئاھاك تاشلاردىن تەركىپ تاپقان تاغلار تېزراق ۋەيران بولسا ، قاتتىق گرانىت تاشلىرىغا ئوخشاش تاشلاردىن تەركىپ تاپقان تاغلار ناھايىتى ئاستا ۋەيران بولۇدۇ .

بىز يەر يۈزىدە خىلمۇ - خىل ۋە ئاجايىپ - غارايىپ تاغلارنى كورۇمىز . ئۇلارنىڭ مۇنداق بولۇپ قېلىشى ئاساسەن تاغ جىنسلىرىنىڭ سۇ ، ھارارەت ، ھاۋا ، شامال تەسىرى

بىلەن يېمىرىلىشكە قارشى تۇرۇش ئىختىدارىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقىنى كورسۇتۇدۇ.

مەيلى قانداق بولمىسۇن، يەر شارىدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى، پەيدىن-پەي ۋەيران بولۇپ تۇرۇدۇ، تاغلار ئەسىرلەرنىڭ ئوتۇشى بىلەن تامامەن تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ بولغىچىلىك داۋاملىق بۇزۇلۇپ تۇرۇدۇ.

## مەڭگۇ توختىمايدىغان ئۆزگۇرۇش

ئېھتىمال نۇرغۇن كىچىك دوستلار: ئەھۋال شۇنداق بولۇپ، بارلىق تاغلار تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ كەتسە، بىرنەچچە مىللىون ژىللار ياكى بىرنەچچە يۈز مىللىون ژىللاردىن كېيىن يەر يۈزىدە خىلمۇ-خىل تاغلارنى كورگىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ ۋاختىلارغا يەتكەندە بالىلار تاغلارغا چىقىپ ئوينىيالمايدىغان ئوخشايدۇ، شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېقىن سۇلارنىمۇ، مەرۋايىت پەردىگە ئوخشاش شارقىراتمىلارنىمۇ كورەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ ۋاختىقا يەتكەندە يەر شارى مەغرىبتىن تا مەشرىقىچە بىرلا خىل تۈپ-تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ كېتىپ، يەر تۈزۈلۈشى تولىمۇ سىددام، تولىمۇ سەت بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ،



www.uyghurkitap.com

دەپ غەم يېيىشى مۇمكىن.

كىچىك دوستلار، بۇ توغرۇلۇق غەم يېيىشنىڭ قىلچە-لىكمۇ هاجىتى يوق.

بىزگە مەلۇم، يەرشارى پەيدا بولغاندىن تارتىپ بۇگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىق ئۆزگۈرۈپ كەلمەكتە. يەر شارى ئۆز-گۈرۈپ ئوتمۇشتىكى هالەتتىن هازىرقى هالىتىگە كەلدى، بۇ ئۆزگۈرۈش كەلگۈسىدىمۇ داۋام قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇ، هېمىشە توختىماستىن ئۆزگۈرۈپ بارىدۇ.

بىز تاغلارنىڭ يەر پوستىدا ئۆزگۈرۈش پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە هاسىل بولغانلىغى بىلەن تونۇشۇپ ئوتتۇك.

شۇنداق بولغاندىن كېيىن يەر شارىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆز-گۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە يەنە نەچچە يۈز مىللىون ژىل-لاردىن كېيىن باشقا تاغلار يەنە قەد كوتۈرۈپ چىقماسمۇ؟

بىز شۇنى ياخشى چۈشىنىپ ئېلىشىمىز لازىمكى، يەر يۈ-زىدىكى هازىرقى تاغلار ئوخشاش بىر دەۋردە قەد كوتۈرۈپ چىققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ قېرىلىرىمۇ، ياشلىرىمۇ بار.

قېرى تاغلار هازىرغا قەدەر بىر نەچچە يۈز مىللىون ژىل ئومۇر سۈرۈشتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئاللىقاچان تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ كەتتى، بەزىلىرى پاكار - پاكار ئېدىرلىقلارغا ئايلى-نىپ قالدى.

ياش تاغلارنىڭ بەزىلىرى تېخى بىر نەچچە ئون مىلليون ژىللار ياشىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق تاغلارنىڭ چوققىسى ناھايىتى ئېگىز، ئۇلار ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان بولۇدۇ.

ياش تاغلار خۇددى سىلەرگە ــ كىچىك دوستلارغا ئوخشاش ئوسۇۋاتماقتا. مەسىلەن، تيانشان تېغى ھەر ژىلى تەخمىنەن 10 مىللىمېتر ئوسىدۇ. ئېگىز ھىمالايا تاغلىرىمۇ تاھازىرغىچە ئوسۇشتىن توختاپ قالغىنى يوق.

دېمەك، يەر يۈزىدىكى تاغلار يەر پوستىدىن ئۆزلۈكسىز كوتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر يەر پوستى ھەرقاچان ئوزگۈرۈپ تۇرمايدىغان بولسا ئىدى، تاغلار ئاللىقاچان توگەپ كەتكەن بولاتتى.

كىچىك دوستلار، يەر شارىدىكى تاغلار ئەنە شۇ تىپىقىدە ئالمىشىپ تۇرىدۇ: ئۇلار، بىر تەرەپتىن يوقۇلۇپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل كۈچ ئوز-ئارا نىسبەتلىك بولۇپ، ئۇلار يەر شارىنىڭ قىياپىتىنى داۋاملىق ئوزگەرتىپ بارىدۇ.

## 7. ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرى

ۋەتىنىمىزدە ئۈزۈنغا سوزۇلغان ھېساپسىز قاتمۇ-قات ئېگىز تاغلار بار.

ۋەتىنىمىزنىڭ ئاتاغلىق تاغلىرى ھىمالايا تاغلىرى، گاندىس تاغلىرى، كۇئىنلۇن تاغلىرى، تىيانشان تاغـلىرى، ئالتاي تاغـلىرى، خىنگدۇەنشەن تاغلىرى، يىگشەن تاغلىرى، شىنئەنلىك (ھىنگان) تاغلىرى، چىنلىڭ تاغلىرى ۋە نەنلىڭ تاغلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئېگىز تاغلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئون مىللىون كۋادـرات كىلومېتىر زېمىنىدا ئۇزۇتىغا، توغرىـسىغا جايلاشقان. بۇ تاغلار ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك قۇرۇقلۇغىنى گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ كورسۇتىدۇ.

ھىـمالايا تاغـلىرى خۇددى پارقىـراپ تۇرغان كۈمۈش دەرپەردىدەك ۋەتىنىمىزنىڭ تىبەت رايونى بىلەن ھىندىستان، بۇتان، نېپال ئارىلىغىدا جايلاشقان. ئۇ، دۇنـيا بويىـچە ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھەيۋەتلىك تاغ. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چـوققىسى جومولاڭمانىڭ ئېگىزلىگى 8،882 مېتىر بولۇپ، بۇ يەر شارىـدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىدۇر.

جومولاڭما چوققىسى ناھايىتى ئېگىز بولغانلىقتىن تا ھازىرـغىچە بىرەر كىشى ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە چىقىپ باقـقىنى يوق. ئۇنىڭدىن پەقەت ئائىروپىلانلا ئۇچۇپ ئوتۇشى مۇمكىن.

ھىمالايا تېغىنىڭ ئىتەكلىرى ىىـسىق تروپىك جايلار. بۇ يەردە قولۇڭلاردىن يەلپۈگۈچنى چۇشۇرمەي، بوزەڭلەرنى يەلپۈپ تۇرساڭلارمۇ ئىسسىقتىن تەرلەپ سۇ بولۇپ كېتىسىلەر،

لېكىن ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا، نەچچە قەۋەت جۇۋا كىيىۋالساڭلارمۇ سوغۇق دەستىدىن غال-غال تىترەپ كېتىسىلەر.

گاندىس تاغلىرى تىبەتنىڭ غەربىي-شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، خۇددى ھىمالايا تېغى بىلەن قوشكېزەكتەك بىر قاتاردا تۇرىدۇ.



جومولاڭما چوققىسى

ئەسلىدە گاندىس نىڭ ھىمالايا تېغى بىلەن بىر دەۋردە دېڭىزدەك دېڭىز ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان.

يەر شارىدىكى تاغلار ئىچىدە ھىمالايا بىلەن گاندىس تاغلىرى ئەڭ ياش تاغلاردىن ھېساپلىنىدۇ، ئۇلار تېخى كۆ-دەك. شۇنىڭ ئۈچۈن قائىدە-يوسۇننى ئۇقمايدۇ. بەزىدە شوخلۇق قىلىپ يانار تاغلارنى ئېتىلدۇرىدۇ، يەر تەۋرىتىپ،

قۇرۇغلۇقنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

كۇئىنلۇن تاغلىرى ناھايىتىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ تىزمىسىدۇر.

كۇئىنلۇن تاغلىرى پامىر تاغلىرىدىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ 3 تارماققا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تارمىقى ئالتۇن تاغ، چىلەنشەن تېغى، ئوتتۇرا تارمىقى بايان قارا ئۇلا تېغى، جەنۇبىي تارمىقى تاڭلا تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تارماقلار ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدا دېڭىزگە تۇتىشىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن خۇاڭخې دەرياسى كۇئىنلۇن تاغلىرىنىڭ تارمىقى ھېساپلانغان بايان قارا ئۇلا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن سۇ ئالىدۇ. بۇ ئىككى دەريانى بايان قارا ئۇلا تېغى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار غەرپتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ پايانسىز شەرقىي دېڭىز بىلەن سېرىق دېڭىزغا قويۇلىدۇ.

تىيانشان تېغى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن خۇددى ئېگىز تامغا ئوخشاش كېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنى جەنۇپ ۋە شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ: تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلار جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي قىسمىدىكى جايلار شىمالىي شىنجاڭ، دەپ ئاتىلىدۇ.

تىيانشان ئەسلىدە ياشانغان تاغ بولۇپ، نەچچە يۈز مىل-

لىون ژىل ئىلگىرى تەبىەتتىكى ھەرخىل تاشقى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىغىغا ئۇچراپ پاكار ئېدىرلىقلارغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە يەر پوستىنىڭ ئۆزگۈرۈشى نېتىجىسىدە ئۇ ئېدىرلار يەنە پەيدىن – پەي چوخچۇيۇپ چىقىپ قايتىدىن ئېگىز تاغ بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تىيانشانمۇ ياش تاغلاردىن ھېساپلىنىدۇ.

ئالتاي تاغلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ باش قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە جايلاشقان بولسا، قويرىغى موڭغۇلىيە خەلق رېسپۇبلىكىسى تېررىتورىيىسىگىچە سوزۇلغان، پەقەت ئوتتۇرا قىسمىلا دولىتىمىزنىڭ زىمىنىغا جايلاشقان.

گېولوگلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ نەچچە يۈز مىللىون ياشقا كىرگەنلىگىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى، ئۇ يەرشارىدىكى تاغلارنىڭ ئاكىسى ھېساپلىنىدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي – جەنۇبىدا شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ قاتار سوزۇلۇپ ياتقان بىرنەچچە ياپىلاق تاغلارنى كورۇمىز. بۇ، خېڭدۇەنشەن تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغلارمۇ يېقىنقى زامانلاردىلا پەيدا بولغان ياش تاغلار.

خېڭدۇەنشەن تاغلىرىنىڭ سايلىرىدا نۇرغۇن دەريالار ئوركەشلەپ ئېقىپ تۇرۇدۇ. مانا بۇ دەريالار تاغلار ئىچىدە نور-



www.uyghurkitap.com

غۇن چوڭقۇر ئېقىنلارنى هاسىل قىلغان. بۇ ئېقىنلار خۇددى شارقىراتمىغا ئوخشاش ئېقىن قاشلىرىنى ژىقىتىپ تۇرۇدۇ، بۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازلىرى ژىراق جايلارغا ئاڭلىنىدۇ.

شارقىراتمىغا ئوخشاش مۇنداق شىددەتلىك ئېقىنلاردىن كېيىنچەكتە ناهايىتى قۇدرەتلىك سۇ كوچى ئالغىلى بولۇدۇ.

چىڭلىنىڭ تاغلىرى خۇددى ئومۇرتقىغا ئوخشاش ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنى ئايرىپ تۇرۇدىغان سۇ بولگۇچىدۇر.

بۇ تاغ دولىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ هاۋا رايىغا كۇچلۇك تەسىر قىلىدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن، قىش پەسلىدە شىمالنىڭ سوغ شامالىلىرىنى جەنۇپقا ئوتكەزمەسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ياز پەسلىدە جەنۇپنىڭ نەم شامالىلىرىنى شىمالغا ئوتكەزمەي چاڭجياڭ ۋادىسى بىلەن خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ هاۋا رايىدا زور ئوخشىماسلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

سىچۇەن ۋادىسىنىڭ قىش پەسلىدىكى هاۋا رايى ناهايىتى ياخشى بولۇدۇ، ئۇيەردە سوغۇق شاماللار ۋە قىرو بولمايدۇ، ئۇيەردە ياشايدىغان كىشىلەر مۇدهىش سوغۇقىنىڭ ئازاۋىنى قىلچىلىكمۇ تارتمايدۇ. لېكىن ۋادىنىڭ شىمالىغا قاراپ داباشەن ۋە چىڭلىنىڭ تاغلىرىدىن ئوتسىڭىز ئۇ بىر زىمىستان. ئۇ يەردە غۇرۇلداپ ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شىمال شامىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com



جوڭگودىكى مۇھىم تاغلارنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى

ەستىدىن چىشلىرىڭىز جاقىلداپ كېتىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىقلىلىق كىچىك دوستلار، مەن سىلەرنى چوقۇم، داباشەن تاغلىرى بىلەن چىڭلىڭ تاغلىرى شىمالىنىڭ سوغ شامىلىنى ئوتكەزمىگەنلىگى، دەپ جاۋاپ بېرەلەيدىغانلىغىڭلارنى بىلىمەن.

بۇ، پۇتۇنلەي توغرى. لېكىن چىڭلىڭ تاغلىرىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق ئېگىز تاغلارمۇ ھاۋا رايىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر بېرىدۇ.

نەنلىڭ تاغلىرى خۇددى ئۇزۇن ئىلانغا ئوخشاش ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، چاڭجياڭ ۋادىسى بىلەن جۇجياڭ ۋادىسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ.

نەنلىڭ تاغلىرى ئانچە ئېگىز ئەمەس، كوپ قىسمى پاكار ئېدىرلىق، ئەمما، ئۇ، چاڭجياڭ ۋادىسى بىلەن جۇجياڭ ۋادىسىنىڭ ھاۋا رايىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر بېرىدۇ.

خېرىتىگە قارىساق خېرىتىنىڭ شەرقىي ـ شىمال بۇرجىكىدە ئوقياغا ئوخشاش تۇرغان بىر پارچە چوڭ تاغنى كورۇمىز. بۇ شىنئەنلىڭ (ھىنگان) تاغلىرى.

شىنئەنلىڭ تاغلىرى شەرق ۋە غەرپ، دەپ ئىككى قىسمىغا ئايرىلىدۇ: شەرقىي قىسمى چوڭ شىنئەنلىڭ، شىمالىي قىسمى كىچىك شىنئەنلىڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

شىنشەنلىك تاغلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ نۇرمان خەزىنىسى ھې-
ساپلىنىدۇ.

ۋەتىنىمىزدە ژۇڭقۇردا بايان قىلىنغان مۇھىم تاغلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئاتاغلىق تاغلار بار. تەيشەن، خۇاشەن، خىڭشەن، خۇاڭشەن، لۇشەن، موگەنشەن، يىڭداڭشەن، گەمىشەن.... تاغلىرى ئەنە شۇنداق تاغلار. بۇ تاغلار ئوزمەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىگى بىلەن داڭ چىقارغان. ئەمدى بىزگە تاغلاردا كومۇلۇپ ياتقان ھەرخىل كان بايلىقلىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئوتۇشكە توغرى كېلىدۇ. چۈنكى كان بايلىقلىرى بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.



خۇاشەن تېغىنىڭ بىر بۇرجىگى.

## ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرى كوپ، بايلىغى تولا

ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرىدا نۇرغۇن خىلمۇ-خىل كان باي-

لىقلىرى كومۇلۇپ ياتماقتا.

ئالدى بىلەن كومۇر ئۇستىدە توختۇلۇپ ئوتەيلى.

ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى چاڭبەيشەن تېغىدىن غەربىي - جەنۇپتىكى شىكاڭ - تىبەت ئېگىزلىكىگىچە، شەرقىي - جەنۇپتىكى تەيۋەنىنىڭ يۇنشەن تېغىدىن، غەربىي - شىمالىدىكى تىيانشان تاغلىرىغىچە بولغان ھەممە تاغلاردا يالتىراپ تۇرۇدىغان كومۇرلەر كومۇلۇپ ياتماقتا. ۋەتىنىمىز بىر تىرىليون توننا كومۇر بايلىق زاپىسىغا ئىگە. بۇ دۇنيا كومۇر بايلىغىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەنە شۇنداق كوپ مىقداردىكى كومۇرنى ئەگەر 5 تونىلىق ماشىنىغا بېسىپ، بۇ ماشىنىلارنى تىزىپ قويۇشقا توغرى كەلگەندە، ماشىنىلارنى پۇتۇن دۇنيا قۇرۇغلۇغىغا سىغدۇرالمىغان بولاتتۇق. ئەگەر ژىلىغا 400 ملليون توننا (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1952 - ژىلىدىكى قېزىش مىقدارى) قازىلىدىغان بولساق ئىككى مىڭ ژىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قېزىشقا يېتىدۇ.

قېنى كاپىتالىستىك ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى: ياپونىيىنىڭ كومۇرى پەقەت 100 ژىل، ئامېرىكىنىڭ پەقەت 200 ژىل، ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ كوپ دېگەندە 300 ژىل قېزىشقا يېتىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئوتۇشكە توغرى كېلىدىكى، ھازىر مول-

چەرلەۋاتقان كۆمۈر بايلىقىمىز تېخى ئۇمۇمىي كۆمۈر بايلىقىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى. بۇ تېخى تولۇقسىز ھېساۋاتتىنلا ئى-بارەت. بىز غەرب تەرەپتىكى كەڭ تاغلىق جايلىرىمىزنى تېخى پىلانلىق ھالدا تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىز يوق؛ ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرىنىڭ قوينىدا زادى نەچچە تىرىلىون تونىنا كۆمۈر كۆمۈ-لۈپ ياتقىنىنى كىممۇ بىلسۇن!

كۆمۈر ئەنە شۇنچە كۆپ ئىكەن؛ نېفتچۇ؟

نېفت بايلىقىمىزمۇ ئاز ئەمەس.

دۇنيادا ئاتاغلىق بولغان ئىران نېفت زاپىسى جەمئى 790 مىللىون تونىنغا يېتىپ باردۇ. ۋەھالەنكى بىزنىڭ شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق جايلاردىكى نېفت زاپىسىمىزلا بىر مىللىارت 700 مىللىون توننىدىن ئارتۇق، يەنى ئىراندىن بىر ھەسسىدىنمۇ كۆپرەك ئوشۇق.

مەملىكىتىمىز نېفت بايلىقىنىڭ كۆپلىگىدە دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرۇدۇ.

ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان نېفت كانلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان.

تيانشان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاغلىق «غەزىنىسى». ئۇنىڭدا يالغۇز كۆپ مىقداردىكى نېفتلا ئەمەس، بەلكى كۆپ مىق-

داردا كومۇر، تومۇر، مولىبدېن، مارگانېس، ۋولفرام قاتارلىق مەدەنلەرمۇ بار، تىيانشان «جۇڭگونىڭ ئورالى①» دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە.

تىيانشاندىن باشقا، گەنسۇدىكى چىلەنشەن تېغىمۇ دولىتىمىزنىڭ نېفت «غەزىنىسى» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھازىر دولىتىمىزنىڭ زور نېفت شەھىرى يۈيمېن ئەنە شۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان.

ياغلىق سلانىس تېشىدىن نېفت ئالغىلى بولۇدىغانلىقى بىلەن تونۇشۇپ ئوتكەن ئىدۇك. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئولكىلىرىدىكى تاغلاردا ئەنە شۇخىل ياغلىق سلانىس تاشلىرى تولۇپ ياتماقتا. كېلىچەكتە ئۇلاردىن قىممەت باھالىق نېفت ئېلىش مۇمكىن.

---

① ئورال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاغلىق مەدەن تېغى. ئۇنىڭدا ناھايىتى مول كومۇر، تومۇر، مارگانېس، نېفت، مىس، ئالىيۇمىن، ئاق ئالتۇن، كالىي تۇزى، تاشپاختا ۋە باشقا كان بايلىقلىرى بار. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارالغان. بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىراۋ سىلەردىن مەلۇم بىرخىل مەدەن نەدىن چىقىدۇ دەپ سورىسا، ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئورالدىن چىقىدۇ، دەپ جاۋاپ بەرسەڭلار ھېچقانداق خاتالاشمايسىلەر، چۈنكى ئورالدا ھەممە كان بايلىقلىرى بار.»

www.uyghurkitap.com

تومۇر ئەڭ مۇھىم سانائەت ماتېريالى. چۈنكى بارلىق ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك تومۇردىن ياسىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ تومۇر بايلىقىمۇ ئاز ئەمەس. مەملىكىتىمىزنىڭ تومۇر زاپىسى ئاز ھېساپلىغاندا ئون مىللىارت توننىغا يېتىپ بارىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ تومۇر كانلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى دېگىدەك شەرقىي - شىمالدىكى ياپىلاق تاغلىق يەرلەرگە جايلاشقان. لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشەن شەھىرى ئەڭ زور تومۇر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەركەز بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ «پولات پايتەختى» دەپ داڭقى بار.

مەملىكىتىمىزنىڭ تومۇر بايلىقى ناھايىتى مول، ئازاتلىقتىن كېيىن داۋاملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نۇرغۇن يېڭى تومۇر كانلىرى تېپىلدى.

1953 - يىلى گېئولوگىيە ئەترەتلىرىمىز ئىچكى موڭغۇلنىڭ باۋتو شەھىرى ئەتراپىدىكى تاغلاردىن دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان، تومۇر زاپىسىغا باي زور كان تاپتى.

ئاتاغلىق جىڭگاڭشەن تېغىدىنمۇ تومۇر رودا قاتلاملىرى تېپىلدى. بۇ قاتلامنىڭ ئەڭ قېلىن جايلىرى 9 مېترغا يېتىپ بارىدۇ.

بۇندىن باشقا دايە، لۇڭيەن، شىجىڭشەن تاغلىرىدىنمۇ

يېڭى تومۇر كانلىرى تېپىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تومۇر بايلىقىمىزنىڭ مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپىيۈپ بارماقتا.

مىس ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كونا دوستى. ئىنسانلار تومۇر بىلەن تونۇشماستىن خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى مىس بىلەن تونۇشقان. قېدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىستىن ھەرخىل قوراللارنى ياساپ ئىشلىتىپ كېلىشتى.

مىس بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئېلېكتىر سانائىتىدە ئەڭ مۇھىم مېتال بولۇپ قالدى، ئۇ يەنە دولەت مۇداپىئەسىدىمۇ غايەت مۇھىم ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ مىس بايلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئېنىق باھا بەرگىلى بولمايدۇ. لېكىن گېئولوگىيىلىك شارائىتىمىزغا قارىغاندا مىس بايلىقىمىزنىڭمۇ مول ئىكەنلىكى چوقۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقتە مەملىكىتىمىزنىڭ بىر گېئولوگى ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «يېقىن كەلگۈسىدە مەملىكىتىمىزنىڭ مىس مەھسۇلاتى دۇنيادا مىس ئەڭ كۆپ چىقىدىغان دولەتكە — چىلىگە يېتىشىپ ئالغۇسى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكۈسى.

ۋولفرام بىرخىل قاتتىق مېتال. ئۇنى، سوزۇپ قىلدەك سىم قىلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئېلېكتر لامپوچكىلىرىنىڭ ئىچىدىكى تېللار شۇنىڭدىن ياسىلىدۇ. ئۇنى تۆمۈر بىلەن بىرگە تاۋلاپ ۋولفرام پولاتى ياسىغىلى بولىدۇ. بۇنداق پولاپ قىزىپ چوغدەك بولۇپ كەتسىمۇ قاتتىقلىغىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن ستانوك تىغى، مىلتىق كارنىيى، زەمبىرەك كارنىيى، ئايروپىلان ھەم ماشىنا ماتورلىرى ياسىغىلى بولىدۇ.... شۇڭا ئۇچۇن ۋولفرام سانائەتتە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىز ۋولفرام بايلىقى ۋە مەھسۇلاتى جەھەتتىن دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋولفرام جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق جايلاردىن ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن گېولوگىيە ئەترەتلىرىمىز، خۇنەن ئۆلكىسىدىكى تاغلاردىن نۇرغۇن ئاق ۋولفرام كانلىرىنى تاپتى. مۇنداق ئاق ۋولفرام ئوتمۇشتە كېرەكسىز تاشلار قاتاردا تاشلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ جىياڭشى ئۆلكىسىدىكى قارا ۋولفرام زاپىسىدىنمۇ كۆپلىگى مولچەرلەنمەكتە.

سۈرمەمۇ بىرخىل قاتتىق مېتال. بۇنىڭ مۇھىم رولى شۇكى، ئۇ باشقا مېتاللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىرىكمە مېتال① 

① ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مېتاللاردىن تەركىپ تاپقان مېتال بىرىكمە مېتال دەپ ئاتىلىدۇ.

قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ماشىنا ئوقى ۋە ملتىق ئوقى ياسىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرمىمۇ سانائەتتە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىدە ناھايىتى مۇھىم مىتاللاردىن ھېساپلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ سۈرمە مەھسۇلاتى ۋە زاپىسى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سۈرمە زاپىسى ۋە مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ تۇپلانغان جاي خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنخۇا ناھىيىسىدىكى شىكۇاڭشەن ھېساپلىنىدۇ.

ئاغىر ۋە يېنىك ئاساسەن ئالىيۇمىن ۋە ماگنىيدىن ياسىلىدۇ، چۈنكى باشقا مىتاللار ئېغىر كېلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىيۇمىن بايلىغى تەخمىنەن يۈزمىليون تونىنا كېلىدۇ. ماگنىي بايلىغىمىز يالغۇز لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىلا 5 مىليارد تونىدىن ئارتىدۇ، ماگنىي بايلىغىمىزنىڭ زاپىسىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەلەي بايلىغىمۇ ناھايىتى كۆپ. تىيانشاندا، نەنلىڭ تاغلىرىدا ۋە يۈننەن - گۇيجۇ ئېگىزلىگىدە ئاپپاق ئۇيۇل - ئۇيۇل قەلەي پارچىلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ قەلەي مەركىزى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ گېجۇ دېگەن جايىغا جايلاشقان، ھازىر ئۇيەردە مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ زور قەلەي زاۋۇدى بار، بۇيەر

مەملىكىتىمىزنىڭ «قەلەي پايتەختى» دەپ داڭ قازانغان.

ئالتۇن — قىممەت باھالىق مېتال. شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا يالتىراپ ھەرخىل نۇر چېچىپ تۇرىدىغان مۇشۇ مەدەنلەردىن كېلىدىغان مۇنەك - مۇنەك ئالتۇن پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. خېيلۇڭجياڭ - جىنشاجياڭ دەريالىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ يالتىراپ تۇرىدىغان كېپەك ئالتۇنلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

كېپەك ئالتۇن نەدىن كېلىدۇ؟

تاغلارنىڭ يېمىرىلىدىغانلىقىنى، تاش قاتلاملىرىدىكى قورام تاشلارنىڭ تاش پارچىلىرىغا، تاش پارچىلىرىنىڭ قۇم - شېغىللارغا ئايلىنىدىغانلىقى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئالتۇن جىنسلىرى بار تاش قاتلاملىرى يېمىرىلگەندە ئۇنىڭدىكى ئالتۇن جىنسلىرىمۇ كېپەكتەك ئۇۋۇلۇپ قۇملار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، تاغدىكى ئېقىن سۇلار ئەنە شۇ ئالتۇن پارچىلىرى بار قۇملارنى دەريالارغا ئېقىتىپ كېلىدۇ.

ئالتۇن گەرچە قىممەت باھالىق نەرسە بولسىمۇ، لېكىن زىننەت بۇيۇملىرىغا كېرەك بولۇشتىن باشقا، سانائەتتە روالى ناھايىتى ئاز.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كان بايلىقلىرىمىزدىن باشقا ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان كان بايلىقلىرىنى — ئاق گۈلدەك كۈمۈش، سۇپ - سۈيۈق، ئېغىر سىماپ ۋە بۇلاردىن باشقا قوغۇشۇن، سىنىك، نىكىل، مارگانىس، مولىبدىن، گۈڭگۈرت،

فـوسفۇر، تاشپاختىا ۋە خىلمۇ ـ خىل زەگدىكى بىرلىپاتتلارنى ئۈچرۇتىمىز.

كىچىك دوستلار، ۋەتىنىمىزئەنە شۇنداق مول قازما بايلىق ـ لارغا ئىگە.

ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك سانا ـ ئىتى ئەنە شۇنداق مولكان بايلىقـلىرى ئاساسىدا تېزسۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلغۇسى.

## تاغلىق يەرلەردىكى ماددىي مەھسۇلاتلار

تاغلار ــــ تەبىەتنىڭ ئىنسانـلارغا بەرگەن چوڭ بايلىغى. چۈنكى تاغلاردا قازما بايلىقلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن مەھسۇلاتلار چىقىدۇ.

بۇندىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئەمگەكچان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تاغ ئۈستىۋە باغىرلىرىدا خۇددى پەلەمپەيگە ئوخـ ـ شاش بىنام ئېچىپ خىلمۇ ـ خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ كەلگەن.

مەملىكىتىمىزنىڭ دۇنياغا داڭـقى كەتكەن يەرلىك ئالا ـ ھىدە مەھسۇلاتلىرى ـــ چاي، تۇڭيېغى، خامسىر، ۋە كامفورا قاتارلىق مەھسۇلاتلار تاغدىن چىقىدۇ، بۇلارنىڭ كوپلىگىدىمۇ مەملىكىتىمىز دۇنيادا بىرىنچى ئورۇننى تۇتىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە چاينىڭ مەھسۇلاتى كوپ بولۇش بىلەنـلا

قالماستىن، ساپاسىمۇ ناھايىتى ياخشى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەن-
خۇي ئۆلكىسىدىن چىقىدىغان «چىخۇڭ»چېيى (پەمىل چاي)
«دۇڭلۇي» چېيى (كوك چاي) دۇنيادا ئەڭ ياخشى چايلار
قاتارىدا تۇرۇدۇ. بۇگۈن سوۋېت خەلقى چاي ساھەسىدە
بىزنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارىمىز بولۇپ قالدى.

ئۇرغۇن شىرىن لەززەتلىك مېۋىلەر، مەسىلەن: ھەسەلدەك
تاتلىق ئەششاپتۇل، چايناش بىلەنلا سۇيى چاچراپ چىقىپ
تۇرۇدىغان ئامۇت، رەڭدار، شەرۋەتلىك، ۋىتامىنغا باي گەن-
زى (ماندارىن) يەنە ئاچچىق-چۇچۇك تاغ ئالمىسى،
شېرىن سىزى، قىپ-قىزىل بولدۇرگەن... قاتارلىق مېۋىلەر-
نىڭ ھەممىسى تاغدىكى قۇمۇلاڭ جايلاردا ئوسۇشنى ياخشى
كورۇدۇ.

بىز دائىم شىرىن بامبۇك نوتىسىنى يەيمىز. چاڭجياڭ دەر-
ياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردىكى كىچىك دوستلارغامەلۇم،
مۇنداق بامبۇك نوتىلىرى تاغدىكى بامبۇكزارلىقلاردا، پېتىشىدۇ.
بەرتىياز يامغۇرىدىن كېيىن، تاغلىق يەرلەردىكى بامبۇكزارلىقتا
بامۇك نوتىلىرى يەردىن باش چىقىرىپ، ياشىرىشقا باشلايدۇ.

تاغلاردا يەنە ھېساپسىز قىممەت باھالىق دورا ئوسۇملۇك-
لىرى ئوسۇدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ جىلىك، گەنسۇ، سىچۇەن،
يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن رىنسىك، داخۇاڭ، داڭ گۈي،

www.uyghurkitap.com

گەنساۋ قاتارلىق ناھايىتى ئاتاغلىق دورا ماتېرىياللىرى چىقىدۇ. بۇلار بىلەن كىشىلەرنىڭ كېسەللىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

## ئورمان — ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى

نۇرغۇنلىغان تاغلاردا ناھايىتى قېلىن ئورمانلار ئۆسمەكتە. ئورمانلار ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى. ئورمان ۋەتەن قۇرۇلۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى زۆرۈر، كەم بولسا بولمايدىغان بايلىق.



ئورمان.

ياغاچتىن ئۆي سېلىنىدۇ، كۆۋرۈكلەر ياسىلىدۇ، كانلارغا تۈۋرۈك قىلىنىدۇ، تۆمۈر يولغا ياتقۇزۇلىدىغان ياستۇق ياغاچ قىلىنىدۇ. ھەتتا سىلەر قىزىقىپ ئوقۇيدىغان كىتاپلار، چىرايلىق رەسىملىك ژۇرناللار ۋە ئويۇنچۇقلاردا ئىشلىتىلگەن ئېسىل ئىغلىق تۇرغان

چىرايلىق خىلمۇ-خىل كېيىملىك سۈنئىي ژىپەك رەخلەرمۇ
ئەنە شۇ ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ئىشلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئورمان تۇپىنى سۇنىڭ يالاپ ئېقىتىپ
كېتىشتىن ساقلايدۇ.

ئورمانسىز تاغلارنىڭ تۇپىلىرىنى تاغدىكى ئېقىن سۇلار
ئوڭايلا ئېقىتىپ كېتىدۇ. سۇ قۇم-تۇپىلارنى ئېقىتىپ دەريالارغا
ئاپىرىپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە قۇم-لايلار دەرياغا تىنىپ
ئېغىر سۇ ئاپەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىزدە نۇرغۇن قاقاس تاغلارغا
نەچچە يۈزمىڭ تۈپ دەرەخ تىكىلدى. بۇ دەرەخلەر ياپ-يېشىل
كۆكەرمەكتە. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ئالا-تاغىل كۆرۈمسىز تاغ
باغىرلىرىنى ۋە چوققىلىرىنى خۇددى يېشىل گىلەمدەك زىننەت-
لەپ تۇرماقتا.

مانا بۇ دەرەخلەرنىڭ ھېساپسىز ژىلتىزلىرى تۇپا ئاستىدىن
ژىلدىن-ژىلغا كەڭ دائىرىدە ئورۇن ئىگىلەشكە باشلايدۇ، ئۇ،
تۇپىلارنى ئۆزىگە مەھكەم يېپىشتۇرۇۋېلىپ، سۇلارنىڭ تاغدىكى
تۇپىلارنى ئىختىيارى ئېقىتىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ.

ھازىر دۆلىتىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
چۆل تاغلاردا كەڭ كۆلەمدە ئورمان بىنا قىلماقتا؛ مەملىكەت-
مىزنىڭ ياغاچقا بولغان ئېھتىياجى جىددىي بولغاچقا، يەنە

بىر تەرەپتىن، چاڭبەيشەن، شىنئەنلىڭ تاغلىرى ۋە شىكاڭ-تىبەت ئېگىزلىگىدىكى ئورمانلىقلاردا چارلاش ئىشلىرى ئېلىپ بارماقتا.

شەرقىي-شىمالنىڭ چاڭبەيشەن ھەم شىنئەنلىڭ تاغلىرىدىكى قېلىنىقى ئورمانلار ناھايىتى بۈك بولۇپ، خۇددى يېشىل دېڭىزگە ئوخشايدۇ. بۇ جايلاردا يوپۇرمىقى توكۇلۇدىغان ئېگىز، يوغان قارىغايلار ۋە قىزىل قارىغايلار ئۆسىدۇ، بۇلار بىناكارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ ياخشى ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ھېساپلىنىدۇ.

ئورمان چارلىغۇچى ئەترەتلىرىمىز، شىنئەنلىڭ تاغلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىياللىرىمىزنى ئوت ئاپىتىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئاۋىروپىلانلىرىمىز شىنئەنلىڭ تاغلىرى ئۈستىدە تىنماي گۈزەتچىلىك قىلماقتا.

شىكاڭ-تىبەت ئېگىزلىگىدىكى سانسىز ئېگىز تاغلار ۋە ئېدىرلار قىلىن ئوسكەن قېلىنىقى ئورمانلار بىلەن قاپلانغان. ئۇ يەردىكى ئورمانلىقلارنىڭ كولىمى تېخىچە بىزگە نامەلۇم، لېكىن كېيىنچە چوقۇم مەلۇم بولۇدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چارلاش ئەترىتى تىبەت ئېگىزلىگىدە، يارلۇگزاڭبۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېدىرلار ئىچىگە كىرىپ نۇرغۇنلىغان قېلىنىقى

ئورمانلارنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇزلا بىر ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى 10مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئۇلار شۇنىمۇ ھېساپلاپ كورۈشكەن: ئەگەر شۇ قېتىمقى ئورمانلارنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاپ تىزىشقا توغرى كەلگەندە، لىنخاسسادىن بېيجىڭگە 120 قۇر تىزغىلى بولىدىكەن.

## تاغلارنى بويسۇندۇرۇش



چىڭدۇ-چۇڭچىڭ تومۇر يولىدىكى تونىللاردىن بىرى.

ئىگىز تاغلار قاتناش ئىشلىرىغا تولىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

لېكىن بىز ئىنسانلار تاغلارنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەيمىز، خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئاتا-بوۋىلىرىمىز كورەك، يان، تىرنا، جوتا قاتارلىق قۇراللار بىلەن تاغلار ئۈستىگە ھېساپسىز يوللارنى سالدى. بۇنىڭ بىلەن يولۇچى-

لار تاغ ئۇستىدە ئىختىيارى قاتنىيالايدىغان بولدى.

بۈگۈن، بىز ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ خوجىسى، بىز تەبىئەتنى بويسۇندۇرغۇچىلارمىز.

بىز، تاغلارغا ئىلان ئىزىدەك ئەگرى ـ توقاي تاش يوللارنى سالدۇق؛ ماشىنىلىرىمىز تاغ ئۇستىگە خۇددى قۇشقىغۇزدەك يامىشىپ چىقالايدىغان بولدى. بىز تاغ ئىچىدىن تونىللار تەشتۇك، ئۇچقاندەك تېز ماڭار پويىزدلىرىمىز تاغلارنىڭ قارنىدىن گورۇلدەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى.

كەڭ غەربىي ـ شىمال ۋە غەربىي ـ جەنۇپ رايونلىرىنى بۇرۇنراق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ تومۇريوللىرى بىلەن تاش يوللىرى ئەنەشۇ تاغلىق رايونلارغا قاراپ سوزۇلماقتا.

غەربىي-جەنۇپتا چوڭچىن ـ چىڭدۇ تومۇريولىنى ياسىدۇق. بۇ تومۇر يول غەربىي ـ جەنۇپنىڭ ئانا تومۇريولى ھېساپلىنىدۇ. چوڭچىن ـ چىڭدۇ تومۇريولى يول بويى 45 تونىلدىن ئۆتىدۇ، بۇلاردىن بىرسىنىڭ ئۇزۇنلىقى بىر يولدىن ئارتۇق.

غەربىي-شىمالدا تيەنشۈي-لەنجۇ تومۇريولىمۇ قۇرۇلۇپ بولدى. ھازىر لەنجۇ ـ شىنجاڭ تومۇريولى داۋاملىق ياسىلىۋاتماقتا. بۇ ئىككى تومۇر يول نۇرغۇن ئېگىز تاغلارنى ۋە سانسىز چوڭقۇر ئېدىرلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

ھازىرلەنجۇ ـ شىنجاڭ تومۇر يولىنىڭ ئۇساۋلىگىدىكى رېلىس ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى، پويىزدىلىرىمىز ئەنە شۇ 3 000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغدىن ھالقىپ ۋەتىنىمىزنىڭ بۇيۇك غەربىي ـ شىمالىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

تاغلار ئىچىدە «دۇنيانىڭ ئوگزىسى» دەپ ئاتالغان شىڭاڭ ـ تىبەت ئېگىزلىگىدە، دۇنيادا تەڭدىشى يوق شىڭاڭ تىبەت تاش يولىنى ياساپ چىقتۇق.

شىڭاڭ ـ تىبەت تاش يولى، شىڭاڭنىڭ ياگەن دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ تىبەتنىڭ مەركىزى لىخاسىغىچە سوزۇلغان،



شىڭاڭ ـ تىبەت تاش يولى.

بۇنىڭ ئۇمۇمىي ئۇزۇنلىغى 2 250 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، يول 14 ئېگىز تاغدىن ھالقىپ ئوتىدۇ.

تاغلار ھەر قانچە ئېگىز بولسىمۇ، بىزنىڭ يول ياسىغۇچى قەھرىمانلىرىمىز ئۇنىڭدىن يول ئالالايدۇ.

يول ياسىغۇچى قەھرىمانلىرىمىز ئەرلەشكەن، جەدۇشەن، چۇەئەرشەن، سەيچىلاشەن... تاغلىرىنى بىردىن ـ بىردىن كېسىپ ئوتۇپ يول ئاچتى. ئەنە شۇ يېڭى ئېچىلغان تاش يوللاردا ماشىنىلىرىمىز ئۇزۇن ئىلانغا ئوخشاش تىزىلىپ تاغلارنى كېسىپ ئوتۇپ، غەربىي ـ جەنۇبىي چېگرا جايلاردىكى خەلقلەرگە كوپ ساندىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەتكۇزۇپ بەرمەكتە.

قەھرىمانلار ياسىغان شىكاڭ ـ تىبەت تاش يولى ئىنسانلارنىڭ تاغلارنى بويسۇندۇرالايدىغانلىغىنى نامايىش قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تەڭدىشى يوق مۇستەھكەم ئىرادىسىنى نامايىش قىلدى!

لېكىن، بۇ ئىشنىڭ پەقەت باشلىنىشى.

ھازىر دولىتىمىز ئۇلۇق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا، ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىنى پەيدىن ـ پەي ئوزگەرتمەكتىمىز. بۇندىن كېيىن بىز تاغلاردىن ئۇزلۇكسىز پايدىلىنىمىز، تاغلارنى ئوزگەرتىمىز ۋە بويسۇندۇرۇمىز.

تاغلارنى ئىنسانلارنىڭ خاھىشىغا سوزسىز بويسۇنۇشقا،

ئۇلۇق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىمىز!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ كىتاپ بالىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 - ژىلى فېۋرالدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据少年儿童出版社1955年2月上海第一版第一次印刷版本譯出.

كىتاپ نومېرى: 1530 (4) 349

# تاغ ھەققىدە ھېكايە

ئاۋتورى: شۈي چىڭشەن.
رەسسام: سىمىڭ ۋە چىڭ زىيىلار.
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدىرېھىم نىياز.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن — 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 - ژىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 - ژىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 787 × 1092 1/36 م.م. ھەجمى: 5/6 2 باسما تاۋاق.
تىراژى: 1 - 3،300. باھاسى: 14 پۇڭ.
بىرلەشمە نومېرى: MR 13049 ئۇيغۇرچە 9.

www.uyghurkitap.com

書號:1530(4)349

**山的故事**

(維吾尔文)

徐青山著

斯　明、陈芝儀插图

阿不都熱依木尼牙孜翻譯

民族出版社出版

地址:北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂印刷

新华書店发行

1958年6月北京第一版

1958年6月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/36　印張2 5/6

印數:1—3,300冊　定價:一角四分

統一書号: MR13049·維9